# شىنجاڭ ياشلىرى

6
1986



XINJIANG YOUTH

# ھېسامىدىن ھاجىنىڭ فوتوسۈرەتلىرىدىن تاللانما











(1) ئاكا سىزنى تارتىپ ئالايمۇ؟

(2) پومزەك

(3) خۇشاللىق

(4) «مەن تاپتىم»

(5) چوڭ بولغاندا ...





مۇقاۋىدا:
يولداش خۇيياۋباڭ
قەشقەر بالىلىرى ئارىسىدا
لى شۇپىڭ فوتوسى

## مۇندەرىجە


ياش ئۆسمۈرلەرگە بولغان كوممۇنىزملىق تەربىيىنى كۈچەيتەيلى ........ (1)

**ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق**

ئىلىم ـ پەن بېغىدىكى ئۈمىدلىك كۆچەت ........ مەھەممەد ئېلى (2)
ئۈمىدلىك مايسا ........ ھۈسەن تۇردى (44)
ئالقىش ساداسى ئىچىدە ........ نۇرمەمەد توختىنىياز (44)

**يىللار ۋە ئادەملەر**

ئۆگۈشسىزلىق ئالدىدا ........ (3)
مۇزىكىنىڭ سېھرى كۈچى ........ (18)

**چۇقان**

ئىتتىپاق خىزمىتى «ئۆچكە يۈزلىنىشى» لازىم ........ نەشان ئىبراھىم (4)

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ........ ئا. مەھەممەد (6)
پەرزەنتىڭىزنى يارامىلىق ئادەم بولسۇن دېسىڭىز ........ ت. مەھەممەد (8)
بېسىمغا ئۇچرىغاندا ........ (36)
قانداق قىلغاندا كۈچلۈكلەردىن بولغىلى بولىدۇ ........ دەننىس ۋوتىر (17)

**كۆڭۈل ـ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر**

ئاياللار مۇھەببىتىنىڭ خوجايىنى ........ سوخومىنسكى (7)
گوركىنىڭ مۇھەببىتى ........ (22)

**ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك**

كۈتلۈپ تۇرۇش ........ (10)
ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇش ........ (11)

**يىپەك ۋادىسىدىن سۆز**

يەر ئاستى سېپىل ـــ كارىز ........ ئابدۇقادىر يۇنۇس (12)
«ئىلاھى دوختۇر» ئوت ئەجدىھار غارى ........ (47)

**كۈچ ئۆملۈكتە**

ئوت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق ناخشىسى ........ ئابدىراخمان نۇرمەھەممەد (13)

**مەدەنىي مايات**

ئاخبارات سېپىدىكى ھارماس تۇلپار ........ ئوبۇلقاسىم مەھەممەد (14)

**ياشلار مۇنبىرى**

شەرەپ تاختىسىدا ........ قاسىمجان ياسىن (16)
ئىتتىپاق خىزمىتىدە ........ ئۇسەن خالىم (16)

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما**

ئادەم تېنىنىڭ بىر سوتكا ئىچىدىكى ئىقتىدارى ........ (19)
مەسىلىنى ئەكس تەرىپىدىن ئويلىنىش كېرەك ........ (33)

**ئالىملار ئىشى**

«ئۇلۇغ پەزىلەت بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ» ........ (20)
دائىم پويىز ئىستانسىدا ئۇچرىشىدىغان ئەر ـ خوتۇن ........ (21)

**ياخشى ئادەم ئىچىمىزدا**

جاسارەتلىك قىز ـــ ئامىنە ........ (24)

**يىللار ۋە ۋاقىئەلەر**

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قاراسۇك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ........ غ. ئوسمان (25)

**دۇنيا غانە زەر**

ئۇلار 18 ياشقا تولغاندا ........ (27)



سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.

تىراژى:
51,500

زامانىۋى شەھەر ــ ۋاشىنگتون .................. (52)

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

مۇشۇ ئەسىردىكى ئون چوڭ بايقاش .................. (28)

ياشلار كۇلۇبى

ئوردۇكتىكى پاجىئەلىك ئەنزە .................. (29)

شېئىرىيەت گۈلزارى

ۋەتەن مۇھەببىتى .................. ياسىن زىلال (30)

روبائىيلار .................. زوردۇن ئۆمەر (31)

پارچىلار .................. زۇنۇن رېھىم (31)

خەتتاتلار كۆرىكى

مۇسىن خەتلەر .................. (32)

غىدىق، غىدىق، غىدىق

تامغا يۆلىنىۋالساق .................. مەھمۇت مەھەممەت (34)

توخۇ توغرىسىدا .................. (35)

مائارىپتا ئەندە ساپا ئەقىل

چاچ نېمە ئۈچۈن ساغىرىپ كېتىدۇ .................. (37)

ئىنساننىڭ قۇلىقى ئەللىك

ئۆزىمە كۆڭۈللۈكنىڭ ئاقىۋىتى .................. تۇرسۇن ئەلى (38)

تاغدىن ــ باغدىن

قولىيازمىنىڭ باھاسى .................. (40)

مايمۇننىڭ باج تۆلىشى .................. (41)

ئالەمدىن ئۇچۇر

21- ئەسىردىكى ئالەم بوشلۇقى زاراتكاھلىقى .................. (42)

يول سورىغان يولدىن ئازماس

ئۇنىڭ ئىشتىياق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ .................. (45)

ئىستىقبالىم «ئارقا ئىشىكىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ .................. (45)

كىتابخانلار مەجلىسى

ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدىكى ئامايەندە .................. ئۆمەر قادىر (48)

بىلىم ئەقىل چىرىغى

ئاز ئۇخلاشنىڭ زىيىنى يوق .................. (50)

كولگونچەك بالىلار .................. (51)

تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت

قىزلار كاستيۇم كىيگەندە .................. (53)

ئۇنىڭغا ئالدىرىماڭ .................. (53)

مۆجىزاتلار دۇنياسى

ئاتلانتىدا ــ ئاشقى پىلانىت ئادەملىرىنىڭ بازىسىمۇ؟ .................. (54)

ياشلار ئەدەبىياتى

جىددىي پەيتتە .................. (ھېكايە) .................. غوپۇر قادىر (57)

تىرىلگەن سۇمرۇغ .................. (پوۋېست) .................. نۇرمەھەممەد زامان (60)

تىكەن، تىكەن، تىكەن

ھەجۋىي رەسىملەر .................. (62)




مۇقاۋىدىكى كەيىندە:
كەشتىچى قىز
تروپىنىن
(روسىيە) سىزغان

مۇندەرىجە


باش مۇھەررىرى:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ

بۇ سانىنىڭ جاۋابكار
مۇھەررىرى:
مامۇت ئەخمەت

تېخنىك رېداكتور:
ئابدۇكېرىم ئابدۇمېجىت

رەسسام:
ئىسمايىل ئىبراھىم
ئابلىمىت ئابلىز

# ئۆسمۈر - باللارغا بولغان كوممۇنىزملىق تەربىيىنى كۈچەيتەيلى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى يېقىندا مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «پۈتۈن مەملىكەتتىكى پىئونېرلار ئارىسىدا كوممۇنىزملىق تەربىيىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىش بىلەن بىرگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئەترەت تەشكىلاتلىرىدىن ئۆسمۈر - باللار خىزمىتىدە ئىشنى ئاساسىي كۆز قاراشنى سىڭدۈرۈشتىن باشلاشنى، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان كوممۇنىزملىق غايە تەربىيىسىنى، قەھرىمان - ئەمۇنىچىلەردىن ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى، «خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا» بىلىدىغان كوللېكتىپىزملىق ئەخلاق تەربىيىسىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇ مىليونلىغان ئۆسمۈر - باللارنى كەلگۈسىدە يارىملىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتىكى مۇھىم تەدبىر.

ئۆسمۈر - باللار دەۋرنىڭ غۇنچىلىرى، ۋەتەننىڭ كېلىچىكى ۋە ئۈمىدى. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى تەربىيىلەش مەسىلىسى مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا ئۇلارغا كىچىكىدىنلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلاردا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئۇرغۇزغىلى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان يۈكسەك غايە تىكلەپ، ۋەتەن ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان مۇستەھكەم ئىرادە يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. قەھرىمان - ئەمۇنىچىلەردىن ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى چىڭ تۇتقاندا ئۇلارغا بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ۋە خاتىرجەم ئۆگىنىش شارائىتىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى تونۇتقىلى، ئەجدادلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋە مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغىلى بولىدۇ. «خەلق مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئىدىيە ئالىي ئۆلچەم قىلىنغان كوللېكتىپىزملىق ئەخلاق تەربىيىسىنى چىڭ تۇتقاندا ئۆسمۈر - باللاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ۋەتەننى، كوللېكتىپنى، خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتنى يېتىلدۈرگىلى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا ئاۋۋال باشقىلارنى، ئاندىن ئۆزىنى ئويلايدىغان، كوللېكتىپنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان كوممۇنىستىك ئەخلاقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق، ئەترەت تەشكىلاتلىرىدىن مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پىئونېرلارغا قارىتىلغان كوممۇنىزملىق ئىدىيە ئاساسىي تەربىيىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش، كۆپ خىللاشتۇرۇش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۆسمۈر - باللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ھەرىكىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا باسقۇچ ۋە قاتلاملارغا بۆلۈپ تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ، پەيدىنپەي ئىچكىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.



# ئىلىم-پەن بېغىدىكى ئۆسمىلىك كۆچەت

مەھەممەد ئېلى

يەكەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئەنۋەر ئايۇپنى ساۋاقداشلىرى «ئىلىم - پەن چوققىسىغا ئۆرلەۋاتقان ھارماس تۇلپار» دەپ ماختىشىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقى، مۇئامىلىدىكى قىزغىنلىقى، ساۋاقداشلىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا-ئانىلار ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە.

ئۇ پەنگە بولغان ئىشتىياقى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ 11 يىللىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى «ئۆگىنىش ئۈلگىسى»، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» «مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئۆتكۈزدى. 1985 - يىلى 12 - ئايدا مەكتەپ تارىخىدا تۇنجى قېتىم شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

ئۇ جاپاغا چىداپ مۇستەقىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى شۇ كۈنىدىن قالدۇرماي ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭدى. تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئەستايىدىل ئىشلىدى. ئۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىدىن قانائەتلىنىپ بىر ئىزدا توختاپ قالمىدى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ كېيىنكى سائەت، كېيىنكى ھەپتە ھەتتا كېيىنكى مەۋسۇمدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى پىلانغا كىرگۈزۈپ ئالدىن ئۆگىنىپ ماڭدى. تولۇق 1 - يىللىق 1 - مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدىكى قىشلىق تەتىل جەريانىدا 2 - قىسىم ماتېماتىكىدىكى ئانالىتىك گېئومېترىيە قىسمىنى ئالدىن ئۆگىنىپ بولغان. 3 - قىسىم ئالگېبرادىن «كۆپ ئەزالىقلار»، «يۇقىرى دەرىجىلىك تەگلىمە»، «كومپلېكس سانلار» توغرىسىدىكى مۇھىم مەزمۇننى ئۆگىنىۋالغان.

ئۇ ئۆزى ئۆگىنىپلا قالماي سىنىپ كوللېكتىپى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئارقىدا قالغان ئۈچ نەپەر ساۋاقدىشىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىپ ياخشىلار قاتارىغا ئۆتكۈزدى. ئائىلىسىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋېتىپ، شۇ ئەتراپتىكى ساۋاقداشلىرىغا ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن تەكرار قىلىپ بەردى، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا، توغرا ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇڭا ساۋاقداشلار ئۇنىڭ ئائىلىسىنى «بىزنىڭ 2-دەرسخانىمىز» دېيىشىدۇ.

ئۇ ئۈچ يىلدىن بويان ئائىلىسى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقى يىراق بولۇش، زىممىسىگە يۈكلەنگەن خىزمەت كۆپ بولۇش، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇشتەك ئۈچ يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىپ، ئەتىگەن كېلىپ كەچ قايتىپ تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، سىنىپ باشلىقى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلەپ ماڭدى. ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 100 قېتىمدىن ئارتۇق ياخشى ئىش قىلىپ ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە بولدى. ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش پەيتىدە ئۆز ياچېيكىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى تەشكىللەپ يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ يىغىم - تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇ مەسئۇل بولغان ياچېيكا ئىلغار ياچېيكا، ئۆزى «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» بولۇپ تەقدىرلەندى. (4)



# ئۆگۈشسىزلىق ئالدىدا

دۇنياغا مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى كوپېرنىك ئىلاھىيەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتە «قۇياش مەركىزى ھەققىدىكى تەلىمات» نى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە ئۇ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن قارشىلىق ۋە زىيانكەشلىككە، تىل ھاقارەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ ھەقىقەتكە بولغان ئىزدىنىشىنى يوقاتمىغان.

«پولات قانداق تاۋلاندى» نىڭ ئاپتورى ئوستروۋىسكى مۇھەببەتتىن ئايرىلغان بىر ئايال كىتاپخاننىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرغاندا مۇنداق دەپ يازغان: «مەنمۇ ھاياتىمدا ئايرىلىش ۋە يۈز ئۆرۈشنىڭ ئازابىنى تارتقان. لېكىن بىر نەرسە مېنى قۇتقۇزدۇردى؛ ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ھاياتىم مەڭگۈ مەقسەتلىك، مەنىلىك ئۆتىدۇ. مانا بۇ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن بولىۋاتقان كۈرەش ۋە ئەڭ ئۈستۈن مۇھەببەت.»

يۈز يىل بۇرۇن فىرانسىيىلىك باسىد غالىجىر كېسەللىكىنىڭ قوتۇراپ كېتىشى بىلەن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ كېسەلنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ يارىدەمچىسى بىلەن ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قېلىشىغا قارىماي غالىجىر ئىت، غالىجىر توشقان، غالىجىر چاشقانلارنى تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى غالىجىر كېسەللىكىنىڭ ۋاكسىنىسىنى بەرپا قىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غالىجىر كېسەللىكىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان زىيانكەشلىكى تەل تۆكۈس تۈگىتىلگەن.

گوركى مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ قانداق ئادەم بولىمەن دېسە بولالايدۇ.» بۇ پەقەتلا ئىرادە نەزەرىيىسى ئەمەس: «بىر ئادەمنىڭ ئىنتىلگەن مەقسىتى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىقتىدارىمۇ شۇنچە تېز تەرەققىي تاپىدۇ. جەمئىيەتكە شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ......» ئەگەر بىز «كەمبەغەل چېغىمىزدا ئاچ - يالىڭاچلىقتىن قورقۇپ، باي بولغاندا ئەيشى - ئىشرەت بىلەن بولساق، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلار بىلەنلا بولۇپ، تارىختا قالدۇرغىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالسىمىز.» شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، ھېچ ئىشنى باشقا چىقىرالمايمىز. «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم قېرىپ ئاجىزلىشىدۇ. دۇنيادىكى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان شەيئىلەر ئىچىدە بىر ئۆمۈر ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش!»

كىشىلىك ھايات كۈرەش دېمەكتۇر. ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئىش قايىنىمىدا قايناش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھاياتىڭىز پارلاق بولىدۇ. ئەمما ھاياتلىق يولىدا بەزى قورقۇنچاق، ھورۇنلار بار. ئۇلار قىيىنچىلىقتىن قېچىپ كونا رامكىلار ئىچىدە ياشايدۇ.

كىشىلىك ھايات ئازاب ۋە بەخت، قىيىنچىلىق ۋە غەلىبىگە تولغان. ئازابتىن قاچقاندا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكىلى، قىيىنچىلىقتىن قاچقاندا ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ...

كىشىلەر ھامان ئۆگۈشلۈك مۇھىتتا ياشاشنى خالايدۇ. ئەمما ئۆگۈشسىزلىق بولسا ھەقىقەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول. (5)

## يىللار ۋە ئادەملەر

# ئىتتىپاق خىزمىتى «3 كە يۈزلىنىش» لازىم

نىشان ئىبراھىم

يولداش دېڭشياۋپىڭ بېيجىڭ جىڭشەن ئوتتۇرا مەكتىپىگە «مائارىپ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشى لازىم» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، ئېلىمىز مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. مېنىڭچە ئىتتىپاق خىزمىتىمۇ مۇشۇ «ئۈچكە يۈزلىنىش» نى ياخشى ھەل قىلىش لازىم، بۇ ئىتتىپاق خىزمىتىنى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇشتا ئىگە قىلىدۇ ھەم خىزمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرىدۇ.

بىرىنچى، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش؛ جەمئىيەتتە كېيىم كېيىشتىكى ئارچە كىلىمىنىڭ يوقىلىشى، ئاگىلارنىڭ «يەر ئاستىدىن» ئوچۇق ئاشكارا سورۇنلارغا كۆچۈپ قانۇنلىشىشى، قىزيىگىتلەرنىڭ فېئودال مۇتەئەسسىپلىك ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ئاسارىتىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ تۇرماقتا. يېڭى ئاتالغۇلار ئۇزۇلمەي ۋۇجۇتقا كەلمەكتە. «ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون»، «يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى»، «3- قېتىملىق دولقۇن»، «چوڭ يۈزلىنىش» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېغى ئون ياشقىمۇ كىرمىگەن ئۇقۇملار، بۇلار ئۈزلۈكسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا جۇڭگو ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات، ئېلىمىز تارىخىدا قىلىنىپ باقمىغان مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ بولغان، ئۇلۇغۋار ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى تولىمۇ جاپالىق. شۇڭا بىز ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقان قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىشىمىز، قېلىپلىشىپ قالغان لوگىكىلىق تەپەككۇرىمىزنى، خىزمەت ئۇسۇلىمىزنى ۋە قالاق بولغان ھەرىكەت مىزانلىرىمىزدىن قول ئۈزۈشىمىز لازىم، بىز ھازىر ئۇرغۇنلىغان يېڭى نەرسىلەرنى كۈتۈۋالماقتىمىز، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىقلارنى كۈتۈۋالىمىز. ئېھتىمال بۇ نەرسىلەرنى بىز بىردىنلا ھەزىم قىلالماسلىقىمىز ھەمدە ياقتۇرماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن، ئەمما بىز قەتئىي ئىككىلەنمەي يۈرەكلىك ھالدا بارلىق زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن يېڭىلىقلارنى قەدىرلىشىمىز لازىم. يېڭى ۋە تېز بولۇش زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۆزىگە خاس رىتىمى بولۇپ، ئىتتىپاق خىزمىتى بۇ خىل رىتىمگە ماسلىشىش، ئۆتكەنلەردەك قېلىپلىشىپ قالغان ئۆزگەرمەس تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىنى، ئۆزگىرىشچان ۋە جانلىق ماسلىشىشچان ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. مانا بۇ زامانىۋىلاشقان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىدىن كۈتىدىغان تەلىپى.

ئىككىنچى، دۇنياغا يۈزلىنىش. زامانىۋىلىشىش دۇنيانىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى

چوقان

ئېچىۋېتىش جۇڭگونى پۈتكۈل دۇنيا سىستېمىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندۇرماقتا. ھازىر خەلقئارادا جۇڭگوغا قىزىقىدىغانلار كۆپەيمەكتە. ئېلىمىزدە دۇنيا ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغانلارمۇ كۆپەيمەكتە. جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ باغلىنىشى كۈنسېرى چىڭىماقتا. بۈگۈنكى دۇنيادا، ماكاننىڭ قىممىتى چۈشۈپ، زاماننىڭ قىممىتى ئۆرلىمەكتە. ئالاقە ۋاستىسى سۈرئەت ۋە سان جەھەتتە شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، ئىنسانلار ئۇچۇر دەۋرىنىڭ شەپەق نۇرىنى كۆرۈشكە ئىگە بولدى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇنقىدەك يەر شارىنىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇملار بارغانچە ئاددىيلاشماقتا. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن يەر شارىنىڭ ئۇ چېتىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى مىكرو دولقۇنى ئارقىلىق بىر نەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا يەر شارىنىڭ بۇ چېتىدىكى كىشىلەرمۇ كۆرەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن قىياس قىلىپ بولمايدىغان سىرلىق نەرسىلەرمۇ كىشىلەر ئالدىدا ئاددىيلاشماقتا. ئىتتىپاق خىزمىتى مۇشۇنداق مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلماقتا. ئەگەر يەنىلا ئۆتكەندىكىدەك تارىختىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ ياشلارنى تەربىيىلەيمىز دەپ بىر ئىزدا توختاپ قالساق، ھازىرقى رېئاللىق دۇنياغا ياكى دۇنيانىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلىمىساق، بۇنداق خىزمەت ئۇسۇلىمىز ۋە تەپەككۇر شەكلىمىز رېئاللىقتىن ئايرىلغان بولۇپ قالىدۇ، ئەڭ خەتەرلىكى دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن چەتنەپ، كەڭ ياشلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولالماي قالىمىز. شۇڭا دۇنياغا يۈزلىنىش، رېئاللىق دۇنيانى چۈشىنىش، ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ مۇھىم بولغان يۆنىلىشىدۇر. رېئاللىق دۇنيادىكى ھەممىنى ئاددىلا ئۇسۇل بىلەن ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئاددىلا ئۇسۇل بىلەن مۇقىملاشتۇرۇۋېتىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇش خاتا.

ئۈچىنچى، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق كەلگۈسىشۇناس جامېس مارتىن، ئىنسانلارنىڭ بىلىمى 19- ئەسىردە ھەر 50 يىلدا بىر قېتىم، 20- ئەسىردە ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم، 70- يىللارغا كەلگەندە ھەر بەش يىلدا، ھازىر تەخمىنەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندە تۇغۇلغان بىر بالىنىڭ 50 يىلدىن كېيىن ئىگە بولغان بىلىملىرىنىڭ 90%تى ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىجاد قىلىنغان بىلىملەر بولىدۇ، چۈنكى ھازىرقى پەننىڭ تەرەققىياتقا قارىغاندا بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى ئىنتايىن تېز بولماقتا. بىر نەرسىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى، دۇنيا مەڭگۈ توختىماي ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى بىلەن ھەرىكىتىمۇ ھەرگىز مەڭگۈ بىر قېلىپتا تۇرمايدۇ، مانا بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىزگە، كەلگۈسىدە غالىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇقتۇرماقتا. ياشلار كەلگۈسىنى ئىجاد قىلغۇچى ۋە ئىپادىلىگۈچىلەر، شۇڭا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، ئىتتىپاق خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئىتتىپاق خىزمىتىدىن يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇسۇل ۋە رېتىم بولۇشنى، ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارىغا، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىتتىپاق كادىرلىرى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش كەلگۈسىگە يۈزلىنىش لازىم. (5)



# يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا

ئابلەت مەھەممەد

ئىلىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بىرتۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. گەرچە ئۇلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن خىزمەت تەجرىبىسى كەم بولغاچقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەلۇم مەسىلىلەرگە يولۇقۇشى تەبىئى.

ئەگەر بۇ خىل مۇناسىۋەت ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ۋە ئاكتىپچانلىقىنى بىر قەدەر تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرغىلى ھەم كۆزلىگەن مەقسەت - نىشانلارغا يەتكىلى بولىدۇ.

ئەگەردە بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ياخشى بولمىسا شەخسلەر ۋە ئارماقلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېگىشلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ - دە، خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىراق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئالدى بىلەن، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراش، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا سوغۇققان بولۇش، كۆپرەك ئىجابىي تەرەپتىن پىكىر يۈرگۈزۈش ھەمدە بىر قانچە «نېمە ئۈچۈن» نى كۆپرەك ئويلاش كېرەك.

كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى تەجرىبىنى قوللىنىپ بېقىشنىڭ زىيىنى بولماس.

(1) ئۆز بىلەن يۇقىرىنى باراۋەر ئىنسان ئورنىدا قويۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش - ئىززەتلەش، ئۇلارغا ئەيۋ قىلىش، كەچۈرۈش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش كېرەك. تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا بولغان ھۆرمىتى يۇقىرىنىڭ تاپشۇرغان خىزمەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. پارا بېرىش، تەخسىكەشلىك، چاپان كۆتۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

(2) يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك بولۇپ قالسا، ئالدى بىلەن كىمنىڭ كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئويدان ئويلاپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر يۇقىرى باشلىقتىن كېتىپ قالغان بولسا مەلۇم مەزگىل ئۆتكەن، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى تۇتۇشۇۋالغان، ئاچچىقلار يانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق چۈشەنمەسلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا قىزغىن، ئاقكۆڭۈل - سەمىمىي بولۇش، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرىش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر خىل ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش بىلەن باشلىقنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(3) ئەگەر قول ئاستىڭىزدىكىلەر كەلتۈرۈپ قويغان بولسا ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى تونۇۋېلىش پۇرسىتى بېرىش ھەمدە ئۇنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق ئويلاشقا يېتەكلەش كېرەككى، ئىشنىڭ بېشىدىلا ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتتە كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. (5)






سوخوملىنسكى (سوۋېت ئىتتىپاقى)

مەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشنى ئويلاۋاتىمەن. ئايال كىشى مۇھەببەتنى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان خوجايىنلار. ئۇلار ئەرلەرنى تەربىيىلەپ ھەقىقىي ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. ئاياللارنىڭ باتۇرلىقى ۋە جاسارىتى ئەرلەرنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئۇ ئەرلەردە ئالىيجاناپ ئىددىيە، گۈزەل قەلب ساداقەت ۋە ئىشەنچە تۇرغۇزىدۇ.

قىزلار، بالىلارنىڭ ئانىلىرى مۇھەببەتنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە ئالدى بىلەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغاندا، ئاندىن كېيىن خۇشاللىقتا، چىن مۇھەببەت سىڭدۈرۈلگەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. ھالبۇكى، مۇھەببەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ناھايىتى زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، تەربىيىنىڭ مۇھىم قانۇنىيىتى، مەكتەپ ۋە ئائىلىدە ھەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ بەختى، خۇشاللىقى، تەقدىرى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا تولۇپ تاشقان بولۇشى كېرەك. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر ھەرىكىتىنىڭ ھەممىسى ئەتراپىدىكى ئادەم، يولداش، ئانا، ئوقۇتقۇچى ۋە پۇقرالارغا مەنىۋى تۇرمۇش جەريانىدا ئەكس تەسىر بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز، چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن ھەر بىر بالا، ئۆسمۈر ۋە ياشلارغا چوقۇم بىلدۈرۈش كېرەككى: ئۆزىمىزنىڭ سالماق بولمىغان پوزىتسىيىسى باشقا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدىغان كۈچ. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇنداق كۈچ پەيدا بولسا، باشقا بىر ئادەم مەنىۋى جەھەتتە چوقۇم تېخىمۇ چىداملىق، تېخىمۇ باي، قەلبى تېخىمۇ شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئېھتىياجلىق، بىر ئادەمنى ماھىرلىق، ئاقىلانىلىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن سۆيگەن كىشى ئۆزى بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىنىمۇ چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئىنچىكە پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. پەقەت ھېسسىياتى سىلىق، زېرەك، كۆڭۈل چۈشىنىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ھەقىقىي بىر قاتتىق تەلەپچان، رەزىللىككە قىلچە مۇرەسسە ۋە رەھىم قىلمايدىغان كىشىلەر شاللاق، مەنىۋى پىسخولوگىيە قۇللۇقى ۋە پەسكەشلىك ھەرىكەتلەرگە چىداپ تۇرالمايدىغان كىشىلەردۇر. ھەممە ئادەم ئۆز ئارا مەسئۇل بولىدىغان روھ چوقۇم مەكتەپ تۇرمۇشىنىڭ پۈتكۈل مۇھىتىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇش لازىم. (9)

### مۇھەببەت ۋە دېئالېكتىكا

ھەقىقىي مۇھەببەت ساغلام ۋە مول بولىدۇ. ئۇ ھەم تاتلىق ھەم ئاچچىق، ھەم يۇمشاق ھەم قاتتىق بولىدۇ. مۇھەببەتتە قاتتىقلار غەيرەتلىك، جۇشقۇن ۋە قىزغىن كېلىدۇ. مۇھەببەتتە يۇمشاقلار يېقىملىق، سىلىق ۋە ئېغىر بېسىق كېلىدۇ.

بىر ياش تولۇپ-تاشقان ھېسسىياتى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. بۇ قىزنىڭ گەرچە ئۇنىڭغا كۆڭلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئېسىللىكىنى قوغلىشىۋاتىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ، زاڭلىق قىلىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ مەسخىرىسى يىگىتنىڭ ۋىجدانىغا تېگىدۇ. يىگىت مۇھەببەتنىڭ بۇزۇلۇشۇپ كەتكەنلىكىدىن قىلچە ھەسرەت چەكمەيدۇ. پۇشايمانىدا قالغىنى يەنىلا قىز بولىدۇ. (5)



# پەرزەنتىڭىزنى يارامىلىق ئادەم بولسۇن دېسىڭىز

ت. مەھەممەد

يېقىندا مەن 80 يىللىق كونا ماتارىپچى رىشات ئاكا بىلەن خالىدە ھەدىنى زىيارەت قىلدىم. رىشات ئاكا ماڭا مۇنداق دېدى: بىزنىڭ ئۈچلا بالىمىز ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بىز بۇنىڭدىن ئائىلىلەر بالىلار ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق تەبىئىي تەربىيە قوبۇل قىلىش مەكتىپى، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئەگەر ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ تالانتلىق كىشى بولۇپ چىقىشىنى ئويلىسا تۆۋەندىكىلەرگە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

1. بۇۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەلۋەتتە كېيىنكى كۈنلەردىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن تەربىيە ھەل قىلغۇچلۇق رول ئوينايدۇ. چۈنكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ يۈزدە ئاتمىش بەش پىرسەنتى ئۈچ ياشتىن ئىلگىرى شەكىللىنىدۇ. بۇۋاق ۋاقتىدا، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى نۇرنىڭ يورۇق ۋە قاراڭغۇلۇقىنى تەڭشەپ، بۇۋاقنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىشىمىز، بالىلارنى باغچا ۋە گۈللۈكلەرگە ئاپىرىپ ئۇلارغا بالىلار تىلىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈك، ھايۋان ۋە تۇرمۇشتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

2. ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بالىلارغا تەربىيە بېرىشى لازىم. ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەر بىر ئىش ھەرىكىتى پەرزەنتلەرگە ئۈن - تىنسىز تەسىر قىلىدۇ. ئىككىمىز ئوقۇتقۇچى بولغاچقا ھەر كۈنى 2-3 سائەت ئۆگىنىش قىلاتتۇق، ھەتتا بەزىدە تۈن يېرىمىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ بالىلىرىمىزغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى، شۇڭا ئۇلاردىمۇ ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەت شەكىللەندى. بىز ئەر - ئايال ئىككىمىز ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشاتتۇق. بىر - بىرىمىزگە ئىشىنەتتۇق. ئىش بولسا مەسلىھەتلىشىپ، مېھماندەك ئۆتۈشەتتۇق. بالىلىرىمىزمۇ بىزنىڭ تەسىرىمىزدە، مەيلى ئۆگىنىشتە ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن ئىزچىل ھالدا بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى.

3. بالىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بالىلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى سەن چوڭ بولدۇڭ، ئاق قارىنى ئۇققۇسەن، مەسىلىلەرگە ئۆزەڭنىڭمۇ قارىشىڭ بار دەپ بەزى ئىشلاردا مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بىز بالىلارنىڭ بۇ خىل پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، بەزى ئىشلارغا يولۇققاندا، ھەرگىزمۇ ئائىلە باشلىقلىق ئىمتىيازىمىزنى قالايمىقان ئىشلەتمەي، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشسەك، بالىلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايمىز، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتالايمىز.

4. تۇرمالنى ھەۋەس ۋە قىزىقىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.



بالىلاردا نورمالنى ھەۋەس ۋە قىزىقىشنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ جىسمانىي ئەزالىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق.

5. بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىش لازىم. ئۇسۇل جەھەتتە، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىش، ھەرگىزمۇ ئۇلار بىلمىگەن جايلارنى نورمالنى ئۆگىنىشتىن سىرت «كۆتۈرە ئېلىش»قا قارشى تۇرۇش لازىم. ئالدى بىلەن بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ھەمدە خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى كۆزىتىشىمىز، ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

6. بالىلارغا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش راسخوتىغا تولۇق كۆڭۈل بۆلگەن بىلەن، ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلمايدۇ. داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمايدۇ. مەسىلە كۆرۈلگەندە ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا مەسئۇلىيەتنى بالىلارغا ئارتىپ، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، بۇنداق قىلىش خاتا. شۇڭا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش كېرەك.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشى لازىم. چۈنكى بالىلارنىڭ دەل ئۆسۈۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلار ياخشى يېيىشى ۋە ياخشى دەم ئېلىشى زۆرۈر. بىز ئائىلىدە بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتۇق. مانا بۇ بىز ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. (5)

## بالىلارنىڭ ئون تەلىپى

ئامېرىكا ئالىمى خەس بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا زادى قانداق تەلىپى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. خەس تەكشۈرۈش ئارقىلىق نۇرغۇن دۆلەت ۋە ھەر خىل مىللەتلەردىكى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان ئارزۇلىقى ۋە تەلىپىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالغان.

خەسنىڭ كۆرسىتىشىچە، بالىلارنىڭ بۇ ئون تەلىپى مۇنداق ئىكەن:

1. ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشۇپ قىلىشتىن ساقلىنىش.

2. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش ياخشى كۆرۈش، باشقا - باشقا كۆزدە قارىماسلىق.

3. ئاتا - ئانىلار ھەر قانداق ۋاقىتتا بالىلىرىغا يالغان گەپ قىلماسلىق. لەۋزىدە تۇرۇش، دېگەن گېپىدىن يېنىۋالماسلىق.

4. ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز - ئارا كەمتەرلىك، ئۆزئارا چۈشىنىش بولۇش.

5. ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت بولۇش.

6. ئاتا - ئانىلار، بالىلىرىنىڭ دوستلىرى ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بولغاندا، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىش.

7. بالىلار سورىغان سوئاللارغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولۇق جاۋاب بېرىش.

8. بالىلىرىنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكىنى سۆزلىمەسلىك.

9. بالىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆزىتىشكە ۋە تەقدىرلەشكە دىققەت قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى ئارتۇقچە تەكىتلىۋەرمەسلىك.

10. بالىلارنىڭ قىزىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىش، سوغۇق سۇ سەپمەسلىك، ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق ئاچچىقلانماسلىق كېرەك. (8)

جۇزۇگلى بىر قېتىم مەلۇم بىر جايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى باردۇ. ئايروپىلان يەرگە قونغاندىن كېيىن، جۇزۇگلى ئايروپىلان گۇرۇپپىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ خۇشلاشتۇ. جۇزۇگلى مېخاينىك كۇاڭ زۇبىڭ بىلەن خۇشلاشماقچى بولۇپ كەلگەندە، ئۇ ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. جۇزۇگلى ئۇنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلماي، ئۇ ئىشنى تۈگەتكىچە قاراپ تۇردۇ.

## كۈتۈپ تۇرۇش

كۇاڭ زۇبىن ئىشنى تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلغاندا، زۇڭلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇ - دە، خىجالەت بولۇپ: «كەچۈرۈڭ جۇزۇگلى، مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىڭىزنى ئۇقماپتىمەن» دەيدۇ. زۇڭلى كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن- ھە؟» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كۇاڭ زۇبىڭ تەسىرلەنگەنلىكىدىن نېمە دېيىشىنى ئۇقماي قالدۇ. (5)

## بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇنغا قايتىش

قىزىل ئارمىيە 1934-يىلى ئۇزۇن سەپەرنى باشلايدۇ. بىر قېتىم، يولداش رېن بىشى رەھبەرلىك قىلغان 6 - جۈنتۈەن يىگىلا قالال لېنىيىسىنى بۆسۈپ، خەتەرلىك رايوندىن ئۆتكەن چاغدا، مەركەزنىڭ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەسىلە ئېغىرلىشىدۇ. قايتىپ بارسا، بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزىغا مەركەزلەشكەن دۈشمەنلەر تەرىپىدىن زور چىقىم تارتىش خەۋپى بار ئىدى. قايتىپ بارمىسا مەركىزىي قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشقىلى بولمايتتى. مەركەز بۇيرۇق چىقارغاندا، بۇ جايدىكى دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئارمىيىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن رېن بىشى تېلېگرامما يوللاپ، مەركەزدىن بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلسا بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلماي قىسمنى باشلاپ قايتىپ باردى. بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە، تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنۇشتەك بۇ خىل روھ نەقەدەر قىممەتلىك - ھە! (5)

## شىئەنگە مەخپى بېرىش

شۇ ۋاقىتنىڭ ھارپىسىدا يولداش يې جيەنيىڭ مەخپىي ھالدا شىئەنگە بارغان. بۇ دەل 1935- يىلى 10- ئايدا مەركەز قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شەنشىنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغان، جياڭ جېيشى ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» قوزغىغان، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونى يېسىۋالماقچى بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا غەربىي شىمالدا ياپونغا قارشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن يولداش يې جيەنيىڭ 1936- يىلى 8 - ئايدا مەخپىي شىئەنگە بېرىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىئەندە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلار يولدا بارغىچە مەخپىيلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قىزىل ئارمىيە بىلەن سۆھبەتلەشكۈچى ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ ياسىنىپ شىئەن ئارقىلىق نەنجىڭگە قايتىش قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. يولداش يې جيەنيىڭ ئاددىي ئەسكەر كىيىمى بىلەن ياسىنىدۇ - دە، شىئەنگە سالامەت يېتىپ بارىدۇ. (9)

## دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشى

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1952 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي جەنۇب بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى بولغان ئىدى. بىر قېتىم ئوغلى فاڭ فاڭ ئىدارىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېلىۋاتقاندا مۇھاپىزەتچىلەر پەيتىدىكى بىر كىچىك جەڭچى ئۇنىڭ بىلەن ئويناشماقچى بولۇپ: «فاڭ فاڭ چاپسان مېنى تاغا دەپ چاقىر، بولمىسا سېنى كىرگۈزمەيمەن» دەيدۇ. گۆدەك فاڭفاڭمۇ چاقچاق قىلىپ: «ياق، سەن مېنى تاغا! دەپ چاقىرىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا دېڭ شياۋپىڭ كېلىپ قالىدۇ، فاڭ فاڭ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى دېڭشياۋپىڭ ئاڭلاپ قالغاچقا دەرھال فاڭ فاڭنى چاقىرىپ: «ئېھتىرام بىلەن تاغا دەپ چاقىر، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ!» دەيدۇ. فاڭ فاڭ ئىتائەتمەنلىك بىلەن «تاغا» دەپ چاقىرىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن فاڭ فاڭ ھەر قېتىم مۇھاپىزەتچى جەڭچىنى كۆرگەندە داۋاملىق «تاغا ياخشىمۇسىز!» دەيدىغان بولىدۇ. (5)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېن يى مارشال، 1962 - يىلى يولداش ليۇشاۋچىغا ھەمراھ بولۇپ بىرمىنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، بىرمىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى مەشھۇر ئېبول دېڭىز ساھىلىدە بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ. چېن ئاقساقال مەيدان ئىچىدە غەيرەت بىلەن توپ ئوينايدۇ. گېنېرال نەيۋىن، ئۆز كۇرۇپپىسى ئىچىدە ئوتتۇرا ھۇجۇمچىلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئالدىدىكىلەرنى قوغلاپ كېلىپ، كەينىدىكىلەرنى يېتىشىپ كېلىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: «چېن، توپقا دىققەت قىلىڭ!» دەپ توۋلاپلا تۇراتتى. چېن يىنىڭ ھەرىكىتى ئەينى ۋاقىتلاردىكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ توپنى ياخشى تېپەتتى.

توپ مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋاتقان ليۇشاۋچى ئەر - خوتۇن ۋە جاڭ چەن قاتارلىق يولداشلار توپ كۆرگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە كەينى - كەينىدىن چاۋاك چېلىپ چېن يىنىڭ غەيرىتىگە بارىكاللا ئېيتىدۇ. (5)

## مارشال بىلەن گېنېرالنىڭ مۇسابىقىغا چۈشۈشى

يولداش تاۋجۇنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. تاۋجۇ ھەر قېتىم چەت ئەلگە چىقماقچى بولغاندا قىزى ئۇنىڭغا: «باشقىلارنىڭ دادىسى چەت ئەلگە زىيارەتكە بارغاندا دائىم بالىلىرىغا بىر نەرسە ئالغاچ كېلىدىكەن. لېكىن سىز ھېچنەرسە ئالغاچ كەلمىدىڭىز» دەيدۇ. تاۋجۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ - دە، بۇ نۆۋەت چەت ئەلگە چىققاندا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر سوغات ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە قىلىدۇ.

## ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇش

لېكىن قايتىپ كەلگىنىدە ھېچنەرسە ئالماي كېلىدۇ. دادىسىنىڭ يەنە قۇرۇق قول كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ خاپا بولۇپ كېتىدۇ. تاۋجۇ بولسا قىزىغا چۈشەندۈرۈپ، «مەن ئەسلىدە سىزگە بىر نەرسە ئالغاچ كەلمەكچى ئىدىم، لېكىن، ناھايىتى ياخشى بىر ئوت ئورۇش ماشىنىسى كۆرۈپ قالدىم، بەزى ئورۇنلار بۇنداق ماشىنىغا ئېھتىياجلىق. شۇڭا پۇلنى ئوت ئورۇش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتىم» دەيدۇ. (5)




ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا شۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا بىر ياش پادىچى سۇ مەنبەلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن قولى بىلەن قۇدۇق كولىغان ئىكەن» بۇ رىۋايەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇرپان خەلقى تۇرپاننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسلىنىپ دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە بولمىغان يەر ئاستى سېپىلى — كارىزنى ئىجاد قىلىغان. بۇ تۇرپان خەلقىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بېرىشكە باشلىغان قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن سۇ مەنبەلىرىنىڭ كۆپلەپ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئەقىل- پاراسىتى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرگەن شانلىق تۆھپىلىرىنىڭ بىرى.

كارىز ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك چەتئەللەردىن، ياكى باشقا رايونلاردىن شىنجاڭغا تارقالغان ۋە ياكى بىرەر شەخسنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن 2000 يىللار مۇقەددەم تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان. شىنجاڭدىكى كارىزلار قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، گۇچۇڭ، مورى، بارىكۆل قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت تۇرپاندىلا بىر مىڭ 237 كۆز كارىز بار.

كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە ئىككى - ئۈچ كىلومېتىردىن ئون كىلومېتىرغىچە بارىدۇ. لېكىن تۇرپان رايونىدىكى بەزى كارىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىرغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. 1957 - يىلىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا يالغۇز تۇرپاندىكى بىر مىڭ 237 كۆز كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 4 - 5 مىڭ كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان. بۇ ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن. ئەگەر ئۇنىڭدىن قېزىپ چىقىرىلغان تاش، تۇپىلارنى ھېسابلىغاندا ئون مىليون كۇب مېتىرغا بارابەر كېلىدۇ. ئەگەر بۇ تاش تۇپىلارنى ئېگىزلىك ۋە كەڭلىكى ئىككى مېتىردىن قىلىپ تام قىلساق 3 مىڭ كىلومېتىردىنمۇ ئۇزۇن سوزۇلىدۇ. بۇ مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىدىنمۇ خېلى ئۇزۇن دېگەن گەپ.

ئادەتتە يالغۇز كارىزلاردىن 400 - 850 كۇب مېتىرغىچە سۇ ئېقىپ چىقىدۇ. ئېقىمى ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 7 مىڭ كۇب مېتىرغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. بۇ كارىزلارنىڭ يىللىق سۇ چىقىرىشى 900 مىڭ كۇب مېتىرگە بارىدۇ. بۇ سان ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىدىنمۇ ئۈچ ھەسسىدىن كۆپ تۇرىدۇ. ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كارىزدا ئادەتتە 120 گە يېقىن كۆز بولۇپ ئەڭ چوڭقۇرى 100 مېتىر، تېيىزلىرى ئاران بىرقانچە مېتىر كېلىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى، تۆۋەن ئېقىمىدا يېقىنراق، ئاران 10 - 20 مېتىر ،ئارىلىقى ئۇزارغانسېرى تەخمىنەن 70 مېتىرغىچە بولىدۇ. دېمەك بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كارىز كولاش يولى بىلەن سۇ كەلتۈرۈپ تەبىئەت كەلتۈرۈۋاتقان دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن مىلادىيىدىن بىر قانچە يۈز يىل بۇرۇنلا كارىز كولاپ سۇ چىقارغان. خەلقىمىز قازغان بۇ يەرئاستى «سەددىچىن سېپىلى» بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ قالماستىن بەلكى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرماقتا. (9)

(ئابدۇقادىر يۇنۇس)



# ئوت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

ئابدۇراخمان نۇرمەھەممەد

يەكەن ناھىيىسى خاڭدى بازارلىق ھۆكۈمەت دۆڭباغ 3 - باشقۇرۇش رايونىدىكى 27 ياشلىق دېھقان ئابدۇراخمان ئۆمەر بۇ يىل 1- ئاينىڭ 25 - كۈنى ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان مىڭ جىلىڭنىڭ ھاياتىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇۋېلىپ ئامىمىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

مىڭ جىلىڭ بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 1983 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئايكۆل كەنتىگە كېلىپ توك تۈگمىنى چۆرىگەن ئىدى. ئۇ تۈگمەننى كېچە - كۈندۈز چۆرۈپ ئۇننى زاپاس تارتىپ، دېھقانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇ ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قېلىپ يېتىپ قالدى. ئۈچ كۈنگىچە ماتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغاندا، قوشنىسى ئابدۇراخمان ئۇنىڭ ماتورخانىسىغا يوقلاپ كىردى. قارىغۇدەك بولسا مىڭ جىلىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ ھارۋىسىنى قېتىپ ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ ياتاققا ئالغۇزىدۇ. ئۇنىڭ قارىغۇچىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇراخمان دوختۇرخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى 12 كىلومېتىر يولنى بېسىپ 40 كۈن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاش- تاماقىنى ئېتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مىڭ جىلىڭ ئۇيغۇر قېرىندىشىنىڭ شەپقىتى بىلەن كېسىلىدىن تېز ساقىيىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىدۇ. ئىشقا چۈشۈپ تېخى ئون كۈن ئۆتمەي ئۇ يەنە ئېغىر پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ، يەنى بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئەتىگەندە ماتورغا ماي قۇيىمەن دەپ، توگىنىڭ ئاستىغا ئوت قالاۋاتقاندا تولا ئۆزلۈكىدىن پارتلاپ كېتىپ ئۇشتۇمتۇت ئوت كېتىدۇ. مىڭ جىلىڭنىڭ ئۈستى - بېشى ماي بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئارانلا ئۆزىنى سىرتقا ئاتىدۇ-دە، ئوت كەتتى! — دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان ئۆيىدىن چىقىپلا مىڭ جىلىڭنىڭ ئۈستى بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزۇش چارىسىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم بارمۇ، ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرايدۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر يېتىپ كېلىشىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سۇ چېچىش ۋە توپىدا يۇمىلىتىش ئارقىلىق مىڭ جىلىڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۈچ سائەت ئېلىشىش ئارقىلىق موتورخانىدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىپ، تۇتاش كەتكەن باشقا ئۆيلەرگە ئوت تۇتۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. مىڭ جىلىڭنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرى، نەق پۇلى كۆيۈپ تۈگىگەندىن سىرت ئۆيىنىڭ ياغاچ - تاشلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ باش-كۆزلىرى ئېغىر جاراھەتلىنىدۇ. ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، ئابدۇراخمان بىر چاپان بىلەن بىر شىمنى ئۇنىڭغا كەيدۈرۈپ قويىدۇ. ئىشىنى توختىتىپ قويۇپ مىڭ جىلىڭنىڭ كېسىلىنى 35 كۈن باقىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن مىڭ جىلىڭ ئابدۇراخماننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ شەپقىتىڭىز بىلەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ 2 - قېتىم ھاياتقا ئىگە بولدۇم، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن» دەيدۇ. (4)

## كۈچ ئۆملۈكتە



# ئاخبارات سېپىدىكى ھارماس تۇلپار

ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد



بىرەر كەسىپتە مەخسۇس ئوقۇماي تۇرۇپمۇ تىرىشسا، ئىزدەنسە شۇ كەسىپتە جەزمەن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ ئۇقتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن يولداش راخمانجان رۇسۇل ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە «چېگرا رايوندىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنت» كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ خەۋەرچىلىك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 1979 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىگە ئالىنىدۇ. ئۇ كۈندۈزلىرى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ مۇخبىرلىق قىلسا، كېچىلىرى ئاخباراتچىلىققا ئائىت ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەۋەر-ماقالىلەرنى بىر قەدەر ياخشى يازالايدىغان بولۇپلا قالماي، تەھرىرلىكىنىمۇ ئۆزىگە ئېلىپ، مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئاڭلىتىش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ 1981 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى، ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-، 2-، 3- بولۇپ باھالىنىپ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

ئۇ، خەۋەر - ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يازىدۇ، 1982-يىلى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان بىر پارچە توگشۇنى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1983 - يىللىق «جۇڭگو ئىشچىلىرى گېزىتى»گە بېسىلغان بىر پارچە توگشۇنى مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شۇ يىلى «خەلق پوچتىسى» گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە توگشۇنى مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 1984 - يىل «سەھرا قىزىنىڭ بەختى» دېگەن ئوچېرىكى مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسىرى بەش پارچىدىن، ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسىرى 10 پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئۇ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگەللەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئۈزۈمە كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ناھىيە بويىچە 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. 1984 - يىل «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ تەننەرقى ھېساباتنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەن خىزمەت تەتقىقاتى ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، شۇ يىلى نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى باھالاشتا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھەر يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «شىنجاڭ ياچېيكا

قۇرۇلۇشى»، قاتارلىق كىتاب-زىت-ژۇرناللارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇپ مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا 10 نەچچە پارچە خەۋەر-ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا 10 نەچچە پارچە ھېكايىسى، 60 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ، بۇ نەتىجىلەر ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە داۋاملىق تىرىشىپ ئىشلەپ، «ئاچقۇچ»، «قۇربان ھېيت كۈنى»، «ئىرادە» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمىنى، «ياشلىق تىلەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، «ئۇنتۇلماس كۈنلەر» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى تەييارلايدۇ. 200 مىڭ خەتلىك «رادىئو پروگراممىلىرى ۋە رادىئو تەھرىرلىكى» دېگەن كىتابىنى تۈزىدۇ، 200 مىڭ خەتلىك «كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى رېمونت قىلىش» دېگەن كىتابنى، 20 مىڭ خەتلىك «قانداق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى تەرجىمە قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن رادىئو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «رادىئو ساھەسىدىكى كۆرۈنگەن كىشىلەر» دېگەن كىتابقا تونۇشتۇرۇلىدۇ. يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۇ ھازىر ئاخباراتنىڭ چىنلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «توي كۈنىدىكى ئاجايىپ ۋەقە» دېگەن پوۋېستى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ ھەمدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مۇخبىرلىق، تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ھەر يىلى «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە. (6)

## چىداملىقنى يېتىشتۈرۈشنىڭ...

چىداملىق بولۇش — بىر خىل روھىي ھالەت. شۇڭلاشقا ئۇنى يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئامىللىرى:

1 – نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش: ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش، چىداملىقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى. كۈچلۈك ھەيدەكچىلىك كىشىنى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قىلىدۇ ۋە كىشىدە كۈچلۈك ئىرادە تۇرغۇزىدۇ.

2 – ئارزۇ – ئارمان: كىشىلەر كۈچلۈك ئارزۇ – ئارمانلارغا يېتىشنى نىشان قىلىپ ئالغا ئىنتىلگەن ۋاقىتتىلا، ئاندىن چىداملىق بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3 – مۇقىم پىلان: مۇقىم بولغان پىلان، گەرچە، ئۇ، ئاجىز بولۇپ، تامامەن قوللىنىشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ يەنىلا ئۇ كىشىنىڭ چىداملىق روھىغا ئىلھام بولىدۇ.

4 – ھەمكارلىق: قىزغىنلىق، چۈشىنىش ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىق، ماسلىشىشلار چىداملىق بولۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

5 – كۈچلۈك ئىرادە: ئىجتىھات بىلەن پىكىر قىلىش ئادىتى، مۇقىم بولغان پىلانغا يېتىش ئۈستىگە قويۇلسا، ئۇ، كىشىنى چىداملىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

6 – خاراكتېر: چىداملىق بولۇش بولسا، خاراكتېرنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتىدىن ئىبارەت.

(ئابلەت مەھەممەد رەتلىگەن)

## شەرەپ تاختىسىدا...

قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەركىزى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى 1984-يىلدىن باشلاپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ نەتىجىسى ئالاھىدە بولغانلىقتىن يېقىندا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولۇپ باھالىنىپ شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ ئىتتىپاق ياچېيكىسى تەشۋىقات، سەنئەت، تازىلىق، مۇلازىمەت، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە «بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىدى.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ھەرقايسى گۇرۇپپىلار تۈرلەر بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ 66 تۈرلۈك ياخشى ئىش تەشۋىق قىلىندى. 54 نەپەر ياش مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 16 قېتىم تازىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 18 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئوغۇت توپلاندى. ئازغان ياشلارغا 10 قېتىم قانۇن تۈزۈم تەربىيىسى دەرسى ئۆتتى. تەربىيە ئارقىلىق 29 نەپەر ئازغان ياش يېڭى ئادەم بولۇپ يېڭى يولغا ماڭدى. ئۇلار ئاگرونوملارنى يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئەمەلىيەتتە ياشلارنى دادىللىق بىلەن ئىشلەتتى. بۇ كەنتتىكى 20 نەپەر ياش 250 مو يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 700 جىڭغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 790 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت نەپەر ياش 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە، ئىككى نەپىرى كەسپىي ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى. (4) (قاسىمجان ياسىن)

## ئىتتىپاق خىزمىتىدە...

بۈگۈر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 1984-يىلنىڭ ئاخىرى ۋە ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، دېھقانلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنىڭ دائىملىق خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بىلىملىك ۋە يول ئېچىش روھىغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىچىدىن 51 كىشىنى تاللاپ ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە توققۇز ئىتتىپاق كومىتېتى، ئالتە ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 147 ئىتتىپاق ياچېيكىسى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ مۇستەھكەملەندى. شەھەر ۋە يېزىلاردىن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىغان 783 نەپەر، ھەر مىللەت ياشلىرى ئىتتىپاق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، يېشى ئېشىپ كەتكەن 387 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى ئىتتىپاقتىن چېكىندۈرۈلدى. 84 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا تەشكىللىدى. بۇ پائالىيەت جەريانىدا ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار جەمئىيەت ئۈچۈن 46 مىڭ 945 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. (4) (ئۇسەن خالەم)



# قانداق قىلغاندا كۈچلۈكلەردىن بولغىلى بولىدۇ

**دەنىس. ۋوتر**

كۆپ يىللىق مۇۋەپپەقىيەت ئىگىلىرىگە بولغان تەكشۈرۈش داۋامىدا مەن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى ئاتاقلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرى، كارخانا ئىگىلىرى، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقى ناھايىتىمۇ كىچىك. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇلاردىكى ئالاھىدە ئەقىل-پاراسەتتىن ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقتىن ياكى ئۇلاردىكى ئادەتتىن تاشقىرى تالانتنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، تاسادىپىي كەلگەن ئامەت دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى سەممىيەتلىك، بۇنداق بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

1. ئۆز ئىستىقبالىغا قارىتا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بولۇش لازىم. ئامېرىكىلىق جاۋ. سورىندو ئىسىملىك بىر كىشى كىچىك ۋاقتىدا ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر تۈرمىسىگە كىرىپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا، ئۇ مۇئەللىمىنىڭ ئۆزىگە بولغان بىر قەدەر يۇقىرى تەشكىللەش قابىلىيىتى بار دېگەن باھاسىنى ئېسىگە ئېلىپ، قاتتىق پۇشايمان يەيدۇ ۋە ئۆزگىرىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كەچكۈرسىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. كېيىن يەنە ئىمتىھان بېرىپ كالىفورنىيە داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ، بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە خارىست فورست قانۇن ئىنستىتۇتىغا بېرىپ قانۇن ئوقۇپ، ئاخىرىدا لوس-ئانژېلېس ئۆسمۈرلەر سوت سارىيىنىڭ ئاتاقلىق سوتچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر جاۋ. سورىندو دەسلەپتە ئۆز تەقدىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، بۇنداق كىشى ھەيران قالارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى.

2. ئۆزىنى بايقاشقا ماھىر بولۇش. كىشى تۇرمۇشنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى، ئۆزىدىكى قابىلىيەتكە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلىشى ھەمدە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، ھەرگىزمۇ كېلىچەكنى، ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار، دوستلارنىڭ پەندى-نەسىھىتى ۋە ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتلار بىلەن سورەتلىمەسلىكى لازىم. باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلاردىن پەرقلىق بولۇشقا جۈرئەت قىلىش لازىم.

3. قىيىنچىلىقلارغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر سېلىش لازىم. تولۇپ تاشقان كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ساغلام بەدەن شۈبھىسىزكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر شەرتى. كۈچلۈك كىشىلەر ئەزەلدىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. ئەكسىچە، تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ، ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ئارقىلىق تەقدىر بىلەن مەڭگۈلۈك كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇش بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئۆزىمىزدىكى تالانت ۋە قابىلىيەتنى ئىپادىلەش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئورغۇن پۇرسەتلىرى بولۇشتەك ياخشى پەيتلىرىنى كۆرۈشىمىز لازىم. ئۆزىنى مەلۇم تۇرمۇش شەكلىنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچرىدىم دەپ ھېس قىلىپ، شۈكرى قىلىشقا رازىمەن كىشىلەر ھەرگىزمۇ كۈچلۈكلەردىن ئەمەستۇر.

دېمەك ئاجىزلار، تۇرمۇشنىڭ كاڭگىرىتىشىغا ئۇچرايدۇ، كۈچلۈكلەر تۇرمۇشنىڭ خوجايىنىدۇر. (5)





# مۇزىكىنىڭ سېھرى كۈچى

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بىر قىسىم ئۇلۇغ ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ كەلدى. باللىقتىن تارتىپ بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، مۇزىكا ئۇلارغا بىلىنمەستىن تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى.

ئاتاقلىق كەشپىياتچى ئېدىسوننى باللىق دەۋرىدە تۇغما تالانتلىق، ئەقىللىق دېگىلى بولمايتتى. ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ۋەھشى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان ئىدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا باشقىچە بىر خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىر باسقۇچ دەرسنى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات قاتارلىقلاردىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ. بۇ خىل جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان گۈزەللىك تەربىيىسى، ئېدىسوننىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشىنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. مۇزىكا ئۇنى ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتقۇزۇپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ھازىرقى زامان فىزىكىسىغا ئاساس سالغۇچى ئېينىشتېيىن، باللىق دەۋرىدە ۋە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئەقىللىق ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇنى تۇغما قاشاڭ، تەربىيە كۆرمىگەن دېيىشىمۇ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مەكتەپتە دائىم مەسخىرىگە ئۇچرايتتى. ئاخىرى ئۇ مەكتەپتىن يېرىم يولدا توختاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلەيدۇ. دەرسلىكلەرنى، مۇزىكا بىلىملىرىنى ھەمدە رويال، ئىسكىرىپكا قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇزىكا ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ۋاقىتىدا قېپقالغان قەلب جاراھىتىنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام ئاتا قىلىدۇ. ئاجايىپ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ھەتتا ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندىمۇ سەھنىگە چىقىپ ئىسكىرىپكا بىلەن مۇزىكا ئورۇنلايدۇ. مۇزىكا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بېيىتىدۇ. ئۇنىڭدا تەبىئەتكە ۋە بەزى فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە قارىتا چوڭقۇر قىزىقىش، ئىزدىنىش ئىستىكى ۋە ئاجايىپ تەشنالىق تۇغۇلىدۇ. مۇزىكا ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە قارىتا باش قاتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىجات قىلىشىغا زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى گوركىمۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆز رومانلىرىدا، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى، رىتىمى قاتارلىقلارنى ناھايىتى گۈزەل، جانلىق ھەمدە تولىمۇ كونكرېت تەسۋىرلىگەن ئىدى. ئۇ تەسۋىرلىگەن چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۆز ئەينى بويىچە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولاتتى.

گوركى رۇسلارنىڭ كەڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ رەڭگا - رەڭ قەدىمكى زامان خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مۇزىكا ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىدى.

ھىندىستاننىڭ ئاتاقلىق شائىرى تاگورمۇ مۇزىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ بىرى. ئۇ شېئىر يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇ يەنە ھىندىستان خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مول مۇزىكىلىققا، ئاھاڭدارلىققا ئىگە ئىدى. (8)



# ئادەم تېنىنىڭ بىر سوتكا ئىچىدىكى ئىقتىدارى

قاڭ سەھەر سائەت بىردە؛ كىشىلەر بىر خىل سەگەك ئۇيقىدا بولۇپ، ئىنتايىن سەزگۈر بولىدۇ.

سائەت ئىككىدە؛ جىگەردىن باشقا ئەزالارنىڭ رىتىمى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. جىگەر بۇ تىنچ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك بولغان ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بۇ دەل ئادەم بەدىنىنىڭ «چوڭ تازىلىق» ھالىتىدە تۇرغان ۋاقتى.

سائەت ئۈچتە؛ پۈتۈن بەدەن ئارام ئېلىش ھالىتىدە بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا قان بېسىم تۆۋەن، تومۇرنىڭ سوقۇشى ۋە نەپەسنىڭ تېزلىكى ئاستا بولىدۇ.

سائەت تۆتتە؛ قان بېسىمى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، مېڭە قىسمىنىڭ قان بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ئەڭ ئاز بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر دەل مۇشۇ مىنۇتتا ھاياتى بىلەن خوشلىشىدۇ. لېكىن ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

سائەت بەشتە؛ ئادەم بىر قانچە ئۇخلاش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرغاندا ئادەم ناھايىتى روھلۇق بولىدۇ.

سائەت ئالتىدە؛ قان بېسىمى يۇقىرىلاپ يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلەيدۇ. داۋاملىق ئۇخلىغۇسى كېلىدۇ.

سائەت يەتتىدە؛ ئادەم بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ.

سائەت سەككىزدە؛ جىگەردىكى زەھەرلىك ماددىلار پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ھاراق ئىچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

سائەت توققۇزدا؛ روھنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرىلاپ، ئاغرىش سېزىمچانلىقى تۆۋەنلەيدۇ. يۈرەكنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى يۇقىرىلايدۇ.

سائەت ئوندا؛ قۇۋۋىتىنىڭ تولۇپ تاشقان پەيتى بولۇپ، ئادەم ئەڭ ئىلغار ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ.

سائەت 11دە؛ يۈرەكنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ئوخشاشلا ياخشى بولۇپ، بەدەن ئاسانلىقچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ.

سائەت 12دە؛ پۈتۈن بەدەن ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلىنىدىغان پەيت.

سائەت 13دە؛ جىگەر ئارام ئېلىش ھالىتىدە بولۇپ، بىر قىسىم شېكەر ماددىلىرى قان تەركىبىگە ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئارام ئېلىش لازىم.

سائەت 14 دە؛ بۇ 24 سائەت ئىچىدىكى ئىككىنچى تۆۋەن نۇقتا بولۇپ، ئىنكاس ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

سائەت 15دە؛ ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەدەن ئەزالىرى ئەڭ سەزگۈرلەشكەن بولىدۇ.

سائەت 16دە؛ قاننىڭ تەركىبىدىكى شېكەر ماددىسى كۆپىيىدۇ. لېكىن بۇ كېسەل پەيدا قىلمايدۇ.

سائەت 17دە؛ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

سائەت 18دە؛ ئاغرىش سېزىمچانلىقى ۋە روھىي تېتىكلىك تۆۋەنلەپ، كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سائەت 19دا؛ قان بېسىمى تېخىمۇ يۇقىرىلاپ، روھىي جەھەتتە تۇراقسىزلىق پەيدا بولىدۇ.

سائەت 20دە؛ بەدەن ناھايىتى ئېغىرلىشىپ، ئىنكاس ئادەتتىن تاشقىرى بولىدۇ.

سائەت 21دە؛ روھىي ھالەت نورمالنى بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچىيىپ، كۈندۈزى ئەستە تۇتالمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرغىلى بولىدۇ.

سائەت 22دە؛ قان تەركىبىگە ئاق قان دانىچىلىرى توشقان بولىدۇ. ھەر بىر كۇب سانتىمېتىر قاندىكى ئاق قان دانىچىلىرى 500—800 گىچەدىن 12 مىڭغا كۆپىيىدۇ. بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ.

سائەت 23دە؛ ئادەم بەدىنى ئارام ئېلىش ھازىرلىقىدا بولىدۇ.

سائەت 24تە؛ ئەگەر سائەت 22دە ئۇيقىغا كىرگەن بولسا، ھازىر تازا شېرىن چۈش پەيزىنى سۈرۈۋاتقان ۋاقتى. (5)

## «ئۇلۇغ پەزىلەت بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ»

ئۇلۇغ پەزىلەت بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ. بۇ سۆز رومېن روللاننىڭ «بېتخوۋېننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان.

رومېن روللان فرانسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى ئۇلۇغ تەنقىدىي رېئالىزملىق يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ 1903-يىلى «بېتخوۋېننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. يازغۇچى ئەسىرىدە، بېتخوۋېننىڭ ئۆمرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن بىباھا مەنىۋى بايلىق قالدۇرغانلىقىنى مەدھىيىلەپ، «ئۇلۇغ پەزىلەت بولمىسا ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ» دېگەن. بۇ سۆزدىن ئۇلۇغ پەزىلەتنىڭ ئۇلۇغ ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇلۇغ پەزىلەت، ئىنقىلابى سەپەردە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان، ئالغا بېسىشتا جۈرئەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ پايدىسىز ئەمەس ئەلۋەتتە. (5)

## بېتيۇن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا

يولداش بېتيۇن ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا يولداش نيې رۇڭجېنگە بىر پارچە خەت يازغان بولۇپ، خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ھۆرمەتلىك قوماندان نيې رۇڭجېن، ھېس قىلىشىمچە: بۈگۈن ھالىم بەكمۇ ئېغىر، بەلكىم سىلەر بىلەن ۋىدالىشىشىم مۇمكىن، سىزنىڭ كانادا كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە مېنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى، مېنىڭ بىردىن بىر مەقسىتىم تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇش ئىكەنلىكىنى.... ئامېرىكا ۋە كانادا خەلقىگە مېنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان تۇرمۇشۇمنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن».

يولداش بېتيۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا تولغان خېتىنى كۆرگەن يولداشلار ئىختىيارسىز ھالدا ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ماتەم تۇتقان. (5)

بالزاك «بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەجرىدىن كېلىدۇ، نادىر ئەسەر كۆز يېشى بىلەن سۇغىرىلغان بولىدۇ» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بالزاك ئىجاد قىلغان بىر قاتار نادىر ئەسەرلەر ئىچىدە كۆز يېشى بىلەن سۇغىرىلمىغان بىرمۇ ئەسەر يوق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزىتىش جەھەتتە سەرپ قىلغان ئەمگىكى شۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى يېزىپ چىقىشقا سەرپ قىلغان ئەمگىكىدىنمۇ كۆپ بولغان. ئەسەرلىرىنىڭ تۈنجى نۇسخىسى چىققان ھامان ئۇ، پۈتۈن دىققەت، ئېتىبارىنى شۇ ئەسەر ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، خەتمۇ خەت، جۈملىمۇ جۈملە پىششىقلاپ ئىشلىگەن، بەزى ئابزاسلارنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا چىقىرىپ تاشلىغان. بەزىدە كوررېكتور قىلىدىغان نۇسخا ئۈستىدە خەت يازغىدەك ئورۇنمۇ قالمىغان، بەزى ئەسەرلىرىنى ھەتتا ئون نەچچە قېتىم تۈزەتكەن، بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئاخىرقى نۇسخىسىدىمۇ قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ، تۈزىتىپ چىققان. (5)

## ئىخلاسمەن ئىجادكار — بالزاك

## دائىم پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىشىدىغان ئەر-خوتۇن

چېخوپ 41 ياشقا كىرگەندە، موسكۋا تىياتىرخانىسىدىكى بىر ئارتىس قىز بىلەن توي قىلغان. ئۇلار بىر جۈپ ئامراق ھەمراھلاردىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ تويدىن كېيىن بەختلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقان چېخوپ، تېخىمۇ كۆپرەك رېئاللىقلىق ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئويلاپ، ئايالىغا كەسپىي ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ تۇرساق قانداق؟ دېگەن. ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئايالى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى چىن كۆڭلىدىن قوللىغان ۋە ئىشى بار كۈنى پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشكەن، شۇنداق قىلىپ چېخوپ ئاۋات، شاۋقۇنلۇق شەھەردىن ئايرىلىپ، پويىز بىلەن ۋېيردا رايونىغا تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كەتكەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن چاقچاق قىلىشىپ، پويىز ئىستانسىسىدا ئۇچرىشىدىغان ئامراق ئەر-خوتۇن دېيىشكەن. (5)

## پۇشكىننىڭ ھاسىسى

رۇسىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى پۇشكىن سىرتقا چىققاندا ھەمىشە بىر ھاسىسىنى ئېلىۋالاتتى. ئەمما ئۇنى ھاسا ئورنىدا ئىشلەتمەيتتى. يول يۈرگەندە، ئۇ دائىم ھاسىسىنى ئېگىز ئېتىپ، ئاندىن تۇتۇۋالاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ خۇددى بالىلاردەك ھاسىسىنى ئاتار نەيزە ئورنىدا يىراقلارغا ئېتىپ ئاندىن يۈگۈرەپ بېرىپ تۇتۇۋالاتتى، ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ يىراققا ئاتاتتى . . . . .

كىشىلەر پۇشكىننىڭ بۇ كۈلكىلىك ھەرىكىتىنى چۈشىنەلمەي، شائىرنى تېپىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. پۇشكىن بېلىكىنى كۆرسىتىپ پەخىرلەنگەن ھالدا قاراڭلار بۇرادەرلەر، بۇنداق كۈچلۈك بىلەكتە قورال تۇتسا، قول تىترىمەيدىغاندۇ؟ دەيدۇ. بىر مۆتىۋەر: «بۇ ھاسىنىڭ شۇنچىۋالا رولى بارمىدۇ» دەپ سورايدۇ.

پۇشكىننىڭ ھاسىسىنى كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىر مۆتىۋەر دەرھال: «ھەي، بۇرادەر، سەن دەگەپ باققىنە، بۇ ئادەتتىكى ھاسا ئەمەسكەن» دەيدۇ. (5)

## لۇشۇن قانچىلىك كىتاب سېتىۋالغان

لۇشۇن ئەپەندىم ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئىشلىرىدا ناھايىتى ئىنچىكە ھېساب قىلاتتى. ئەمما، كىتاب سېتىۋېلىشقا بولسا ناھايىتى سېخىي ئىدى. «لۇشۇن خاتىرىلىرى» دە يېزىلىشىچە: لۇشۇن 1912- يىلى 5- ئايدا تۇنجى قېتىم كىتاب سېتىۋېلىشقا باشلىغاندىن باشلاپ 1936- يىل 10- ئاينىڭ 17- كۈنى (ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىنقى 2- كۈنى) گىچە سېتىۋالغان كىتابلىرىنىڭ سانى جەمئىي 14 مىڭ پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە 95 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئۆزى پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان.

لۇشۇننىڭ ئەنە شۇنداق بىلىملىك بۈيۈك ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى بولسا ئۇنىڭ بېرىلىپ كىتاب ئوقۇشىدىن ئايرىلمايدۇ. (5)

# گوركىنىڭ مۇھەببىتى



**ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىمۇ ئۇرغۇن ياشلارغا ئوخشاش ياشلىق دەۋردە مۇھەببەت مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن.**

1895- يىلى باھارنىڭ باشلىرىدا، گوركىنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېخى مۇقىم خىزمىتى يوق بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. كرولېنكا گوركىنىڭ تۇرمۇش ئېغىرچىلىقىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى «سامرا گېزىتى» گە تەھرىرلىك خىزمەتكە تونۇشتۇردى. بۇ يەردە گوركى «چاققان، ئاددىي - ساددا، گۈزەل» كازا (فامىلىسى كازېلېنا پاۋلوۋنا ئېركا) ئىسىملىك قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تېزلا ئىشقى ئوتى تۇتاشتى.

بۇ مەزگىللەردە گوركى روس ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، 60 تىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نۇرغۇن فېلىيەتون، ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان ئىدى. گوركىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تۇرمۇشى مۇۋاپىق ھالدا ياخشىلاندى. ۋاھالەنكى شۇ مەزگىلدە كازا يەنىلا نابورچېك ئىدى. چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئاتاقلىق يازغۇچى بىلەن ئادەتتىكى بىر ئىشچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ گوركى كازانى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي بەخت ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشكىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن كازاغا ئۆۋەندىكى غەيرى تەلەپنامە خەتنى يازدى:

«... كازا ... ئۆزەڭنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئويلىنىپ باق، سەن زادى ئالېكسى ماكسىمۆۋىچ پېشكوۋ (ماكسىم گوركى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ نەرىگە ئاشىق؟ مەن بۇنىسى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن - سەن مەن بىلەن بۇ توغرىلىق سۆزلىشىشنى خالامسەن؟

ئالدى بىلەن، پېشكاۋ ئۇنىچىۋالا پاك، ئوچۇق چىراي ئەمەس، ئۇ، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن ماختىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ راستىنلا باشقىچە ئادەممۇ؟ بۇ خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇ قوپال، تەربىيە كۆرمىگەن، بۇنىمۇ بىلىپ قېلىشىڭ كېرەك.

ئۇنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ئورنى بولسا سەرگەردان ئەدىب بولۇپ، بۈگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق ياكى گېلى ساق، قولى پاك ئادەم، ئۇ سېنى قانداقراق تۇرمۇشقا ئىگە قىلار؟ سېنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى، سەرسانلىق تۇرمۇش، كۈتۈلمىگەن تومان ۋە غۇربەتچىلىكلەردۇر. ئۇ ئېغىر رېماتىزىم. بۇ كېسەلى قايتىدىن قوزغالسا، ئۇ، باقى دۇنياغا كېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆكرىكى ئاجىز، دۇمبىسى داۋاملىق ئاغرىيدۇ. قىسقىسى، ئۇ پات يېقىندا ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ئادەم. ئۇنىڭغا خوتۇن كېرەك ئەمەس، بەلكى ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان قارىغۇچى ئايال كېرەك. كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈش - بۇ ھەرگىز سېنىڭ رولۇڭ ئەمەس، ئاساسلىقى شۇكى، ئۇنى بىلىپ بولماق ناھايىتى تەس. بويى ئېگىلگەن، كۆرۈنۈشى غەيرى، ئادەمنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئەيىبلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەيىبلىرىمۇ

بار. بۇ ئەپەندىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، سەن مەندىن ياخشىراق بىلىشكە تېگىشلىك. بۇ كىشى يەنە تېخى ناھايىتى

ھەلىمتى ـ دە، بەزىدە، ئاجايىپ ھاماقەت، ئاساسىي مەسىلە ئۇنى بىلىپ بولماق تەس. ئۇنىڭ بەختسىزلىكىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. قىسقىسى، كازا مەن تامامەن ئەستايىدىللىق بىلەن دەيدىغان گەپلىرىمنى باشتىلا سىزگە دەپ ئۆتتۈم.

سىز، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇقتىلار بويىچە پىشكوۋ تۇغرىلىق ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ. كازا...» بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان

مۇھەببەت خېتىنىڭ ھەربىر قۇرلىرىدا گوركىنىڭ كازاغا بولغان پاك، سەمىمىي، ئوتتەك مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن. گوركى كۆپ جاپا چەككەن، خېلى بۇرۇنلا چار پادىشا ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىستىقبالىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا خېتىدە تۇرمۇشتىكى كېلىشمەسلىك ۋە غۇربەتچىلىكلەرنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، گوركى ئۇزۇن يىللار سەرسان بولۇپ، ئۇنى پالاكەت باسقانلىقتىن، بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭغا ئېغىر كېسەللەر ياماشقان ئىدى. بۇ گۈزەل قىزغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كازا گوركىنىڭ ساپ مۇھەببىتى، سەمىمىي ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. جۈرئەت قىلىپ گوركىنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار 1896 ـ يىل 30 ـ ئاۋغۇست كۈنى توي قىلدى. كېيىن گوركىنىڭ نامى تونۇلدى، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ قەلەم ھەققى كېلىپ تۇراتتى. بۇ قەلەم ھەققىلىرىنى ئىنقىلاپقا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىشچى ۋە تۇرمۇشى نامرات ئۇسمۇرلەرگە بەردى. كازا ئۇنى چۈشەنەتتى ھەم ئۇنى قوللىدى. ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ بىلەن بىللە نامرات تۇرمۇش كەچۈردى.(5)

## ئۆزگە ئىشىنىشنىڭ رولى

(مېشىر. موردىن)

فۇرغۇن قىزلاردىن سىلەرچە يىگىتلەر قايسى تەرەپلەردىن ئەڭ جەلپ قىلارلىق كۆچكە ئىگە دەپ سوراپ باقتىم، ئاخىرى «ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى» دېگەن جاۋاپقا ئىگە بولدۇم. بۇنىڭدىن يىگىتلەر ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن قىزلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆزنىڭ ئەرلەردىكى جەلپ قىلارلىق كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىر تەرەپ ئىسكەنلىكى ئىسپاتلانغان. بىر دوختۇر قىز مۇنداق دېگەن: ئەگەر يىگىتلەرنىڭ كۆزىدە ئالاقىزادىلىك ئالامىتى بولىدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ يوقلۇقىنىڭ روشەن ئىپادىسى. يىگىتلەر كۆزگە كۆز تىكىلگەندە بەرداشلىق بېرەلمىسە، قىزلار قەلبىدە يامىسىز يىگىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىزغىن بولۇش ـــ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيگەن يىگىتنى قىزلارمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. بىر قىز مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر يىگىت ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرسە ۋە قىزىقسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىممۇ ئوخشاشلا قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.» يەنە بىر قىز مۇنداق دەيدۇ: «جەلپ قىلىش كۈچى بولغان يىگىتلەر ئۆزى قىلغان ھەر قانداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قىزغىن بولىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشقا ئىشلەتكەن پوزىتسىيىسىنى مۇھەببەتكىمۇ ئىشلىتىدۇ.» (5)

(ئىشان ئىبراھىم تەرجىمىسى)








(1) بۇ يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى، كۇچا ناھىيە ياقا يېزا باغ سۆگەت چارۋىچىلىق 2-دۈيدىكى 12 ياشلىق ئامىنە 2700 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتلاقتا 507 تۇياق قويىنى بېقىۋاتاتتى.

(2) 19-مارت قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. دادىسى 12 تۇياق ئورۇق-ئاجىز قويىنى ئامىنەگە تاپشۇردى.

(3) ئامىنە 60 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قاردا بىر جىلغىنى تېپىپ قويلارنى دەم ئالغۇزدى.

(4) ئەتىسى ئامىنە مەيدانغا بىر كىلومېتىرچە قالغاندا ئىككى پۇتى توڭلاپ كېتىپ ماڭالماي قالدى.

(5) ئامىنە 19 سائەت قار بىلەن ئېلىشىپ، 11 تۇياق قوي ساق قالدى. ئامىنە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى.







(6) ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئامىنەگە «مۇنەۋۋەر پىئونېر»، ناھىيە رەھبەرلىرى «چارۋىلارنى قوغدىغان كىچىك قەھرىمان» دەپ شەرەپلىك نام بەردى (4)



# ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قارا سۆك مەدەنىيىتى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك جايلاردا ياشاپ، بەلگىلىك ئىزلارنى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت يادنامىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، بۈيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ خىل مەدەنىيەت تەركىبىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئارخېئولوگىيە خادىملىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دىڭلىڭلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلاردا كەڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. ئارخېئولوگلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 13-ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمگاھلار ۋە قەۋرىلەردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپلىگەن مىس قوراللار ۋە ساپال بۇيۇملارنى قېزىپ چىقاردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 5000-يىللاردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللارنىڭ دەسلەپكە تەئەللۇق نەرسىلەرمۇ بار. بۇ خىل ئالاھىدە مىس قوراللار مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇيۇملار ئەڭ بۇرۇن مىنۇسىنسكىدا يېقىن سۆك دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ تېررىتورىيىدىكى ئوخشاش تىپقا كىرىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىگە «قارا سۆك مەدەنىيىتى» دەپ نام بېرىلگەن.

جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قارا سۆك مەدەنىيىتىگە ياتىدىغان بۇيۇملاردىن مىس، پىچاق، مىستىن ياسالغان جەڭ پالتىسى، نەيزە، ساپال خۇمرا، ساپال تاۋاق، تاشتىن ياسالغان ئەسۋابلار، سۆگەك ئەسۋابلار، ۋاشاق، ئوقيا، بېلىق قارمىقى، بېلىق تورى، بېلىق سانجىغۇچ (ئارا) ئات قوشۇلغان ھارۋا سۈرىتى، ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە باشقا نەرسىلەر بار. بولۇپمۇ قارا سۆك دەۋرىدە ھارۋىلارنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قارا سۆك مەدەنىيىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا، ستالىن دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 1-تومىدا بۇلارنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار بىلەن ئوخشاشلىقى تىلغا ئېلىنغان ھەم مۇنۇلار ئەسكەرتىلگەن: «قارا سۆك تىپىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رايونلارغا ئاساسەن بۆلۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلار، مىنۇسىنسكى ئويمانلىقى، ئالتاي، قازاقىستان، جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا ئەسلىدە بۇ يەردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا خەنزۇلار بىلەن خوشنا بولغان دىڭلىڭلار ياشىغان بولۇپ، دەل يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن يەرلەرگە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان»، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى س. ب. جىرشىلوپ ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قارا سۆك-

## يىللار ۋە ۋەقەلەر

تېخى مىس قوراللار، ساپال بۇيۇملار ۋە زىبۇ-زىننەت سەنئىتى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى ئەشۇ رايونلار (ئوردوس-سۈيۈەن رايونلىرى) دىكى نەرسىلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن.»

دىڭلىڭلارنىڭ قارا سۆك مەدەنىيىتىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى تارىخىي ئورنى توغرىسىدا ستالىن دەۋرىدە نەشر قىلىنغان سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىلىم-پەن كومىتېتى بىرلىكتە تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابتا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىن تېپىلغان بۇ خىل قەدىمقى بۇيۇملار جەنۇبىي سىبىرىيە قارا سۆك تىپىدىكى قەدىمقى سېپىلىنىڭ شىمالىدىن قىزىۋېلىنغان نەرسىلەر بىلەنمۇ ئوخشاش، بۇ ناھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. قارا سۆك مەدەنىيىتى داۋاملىشىۋاتقان مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىرلەر ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئورنىنى بۇ يەرلەردە تاگار مەدەنىيىتى (مىنۇسىنسكىغا يېقىن يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاگار ئارىلىنىڭ نامىدىن كەلگەن) ئالدى. تاگار مەدەنىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگىچە قىزىۋېلىنغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا تەخمىنەن تاگار مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 34-ئەسىرلەر) تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلگەن، ئاھالە ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. قوشۇمچە چارۋىچىلىق مۇئەييەن سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ قولانچىلىق يۈكسەلگەن.

سوۋېت تارىخشۇناسلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارا سۆك مەدەنىيىتى ياكى تاگار مەدەنىيىتىنى خەنزۇ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە «دىڭلىڭ» دەپ خاتىرىلەنگەن كىشىلەرنىڭ دەپ ھېسابلايدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دىڭلىڭلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار دەۋرگە ئەگىشىپ خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇلارنى گۇيفاڭلار دەپ ئاتىغان، گۇيفاڭلار شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 16-ئەسىردىن 1066-يىلغىچە) بىلەن كۆپ چاغلاردا قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. كېيىنكى خەننامە، غەربىي چىياڭلار تەزكىرىسى»دە «ۋۇدىڭ (شاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى)... گۇيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۈچ يىلدا ئاران مەغلۇپ قىلغان» دېيىلگەن. دېمەك، بىرتەرەپتىن ئوتلۇق، زېمىن ئىزدەپ، يەنە بىرتەرەپتىن خوشنا ئەللەر بىلەن ئەپ بولماسلىق تۈپەيلىدىن گۇيفاڭ (دىڭلىڭ) لارنىڭ بىر قىسمى شاڭ، جۇ دەۋرلىرىدە شىمالغا جۈملىدىن ئالتاي، يەنسەي، ئورال تەرەپلەرگە سۈرۈلگەن. دېمەك، مانا مۇشۇ يۆتكەلگەن دىڭلىڭلار يەنسەي ساھىلى ۋە باشقا تەرەپلەردە بۈيۈك قارا سۆك مەدەنىيىتى ۋە تاگار مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

**4 - ساندىكى «مالچى يىگىت نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟» نىڭ جاۋابى**

مالچى يىگىت ئەدەب بىلەن پادىشاھقا تازىم قىلىپ تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئورنىمدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ ئۆزلىرىگە پەرمان چۈشۈرەلەيدىغان كىشى، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۇ بىر ئورنىدا مىدىرلىماي تۇرۇپ ئۆزلىرىنى دېگىنىنى بىجىرىشكە پەرمان چۈشۈرەلەيدۇ». دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ جاۋابتىن پادىشاھمۇ، باشقىلارمۇ رازى بولۇپتۇ.

ئەكرەم مەتتۇرسۇن

ئىسپانىيىدە ياشلار 18 ياشقا تولغاندا ياش قورامىغا يەتكەن ھېسابلىنىپ ماشىنا ھەيدەش پاراۋۇسى ئېلىش، توي قىلىش، سىياسىي پارتىيىلەرگە كىرىش، سايلاش - سايلىنىش ۋە بۇرۇن كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان كىنولارنى كۆرۈش، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتەك بىر قاتار ھوقۇقلارغا ئېرىشەلەيدىكەن، بۇ چاغدا ئۇلار مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسەن تاماملىغان بولۇپ، خىزمەت تاپسا بولىدىكەن، ئوغۇللار ئەسكەر بولۇش كېرەككەن.

18 ياشقا تولغان ياشلار ئىچىدە 90% ئوغۇللار ۋە 96% قىزلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەمما بۇ، ھەرگىزمۇ ياشلارنىڭ ئاتا -

## ئۇلار 18 ياشقا تولغاندا

ئانىلىرى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە بىردەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. 50% كە يېقىن ياشلارنىڭ دىنىي، سىياسىي، كۆزقاراش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئاتا - ئانىسى بىلەن پىكرى ئوخشىمايدىكەن. 17 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغان ياشلار ئىچىدە 15% ئوغۇللار، 27% قىزلار تويلىشىپ بولغان.

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش مەسىلىسى دېگەندەك ئېغىر بولمىسىمۇ، كىشىلەرنى غەمگە سالماقتا. چۈنكى 4% بالىلار 14 ياشتىن تارتىپ زەھەرلىك چېكىملىكنى چېكىشنى باشلىغان. ياشلار 18 ياشقا تولغاندا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكنى ئىچسە بولىدىكەن.

بىر جەمئىيەتشۇناس: ئىقتىسادىي كرىزىس ئېلىپ كەلگەن تۇرغۇنلۇق ۋە ئىشسىزلىق بۇ بىر ئەۋلاد ياشلارنى چەكلىنىش ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دەپ قارىغان. (6)

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەر يىلى 500 مىڭغا يېقىن ياش بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىدۇ، يېڭى ئىگىلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونلاردا بولۇپمۇ سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق رايونلىرىدا ياشلار ئاھالىنىڭ 85% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ رايونلاردا جەمئىي تۆت مىليون 500 مىڭ ياش بار.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر بىر پۇقرا 18 ياشتىن باشلاپلا جەمئىيەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشالايدۇ، ئۆتكەن يىلقى 1500 نەپەر ئالىي سوۋېت ۋەكىللىرى ئىچىدە 331 نەپەر ۋەكىل 30 ياشقا توشمىغان (يېشى 21 ياشقا توشقان پۇقرا ئالىي سوۋېتنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنالايدۇ). ھەر دەرىجىلىك سوۋېت ھاكىمىيىتىدە — ئۆلكە، شەھەر، رايون، يېزا

## سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ياشلار

كەنتلەردە ياشلار ۋەكىللىرى 30% ئارتۇقراقنى ئىگىلەيدۇ، بۇ 70 - يىللارنىڭ دەسلىۋىدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق. سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىن كوممۇنىزمچى ياشلار ئىتتىپاقىدا ھازىر تۆت مىليون 200 مىڭ ياش بار.

سوۋېت ياشلىرىنىڭ 140 مىڭ كۇلۇبى، 150 مىڭ كىنو - تىياتىرخانىسى، بىر مىڭ 800 كۆرگەزمىخانىسى، 135 مىڭ 500 ئاممىۋىي خاراكتېرلىك كۇتۇپخانىسى بار، 626 تىياتىرخانىدا 47 مىللەتنىڭ تىلى بىلەن تىياتىر قويۇلىدۇ. سوۋېت ياشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ژۇرناللىرى بار. سوۋېت ياشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «ھەمراھ» خەلقئارا ساياھەتچىلەر ئىدارىسى بار، مەزكۇر ئىدارە 80 كە يېقىن دۆلەتنىڭ 500 ساياھەت تەشكىلاتى بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلمەكتە. (5)



# مۇشۇ ئەسىردىكى ئون چوڭ بۆسۈش



ئامېرىكا ئىلغار تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېقىندا كۆرسىتىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە، پەن-تېخنىكىدا ئون چوڭ بۆسۈش بارلىققا كېلىدىكەن.

1. ئېلېكترونلۇق مېڭە كونتروللۇقىدىكى ماشىنا ئادەملەر ئادەملەرنىڭ مېيىپ بولغان ئەزالىرىنى لايىھىلەپ ۋە ياساپلا قالماستىن بەلكى ئادەملەر ئۈچۈن رەسمىي ئەزا ئورنىتىش ياكى يۆتكەش ئوپېراتسىيىسىنى قىلىپ بېرەلەيدۇ.

2. نۇرتالا تېخنىكىسى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقتىن كەلگۈسى ئائىلەردىكى تېلېۋىزورلار دۇنيادىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ نومۇرلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قوبۇل قىلالايدۇ.

3. ئالىملار ئىنسانلارنىڭ بەدىنىدىكى ئاقسىل ماددىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان بىر خىل «دەرىجىدىن تاشقىرى» دورىلارنى ياساشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق قان راكى قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

4. كەلگۈسىدىكى ماشىنىلارنىڭ موتورى پار - پۇر قاچا ماتېرىياللىرىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئۆزى يېنىك باھاسى ئەرزان ھەم ئىشەنچلىك.

5. ئادەتتىن تاشقىرى ئۆسۈملۈكلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، كەلگۈسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر سۈپەت ۋە مىقدارى جەھەتتە كۆپ ياخشىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرى تەبىئىي ئاپەت ۋە ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا ئىنتايىن كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

6. كەلگۈسىدە بىر خىل يەلتاراق نۇۋەتتىكى قۇرۇلۇشتا ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ يەنى ياغاچ، مېتاللارنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ قاتتىقلىقى يۇقىرى، ئۆزى يېنىك، باھاسى ئەرزان بولىدۇ.

7. ئالىملار ئادەم بەدىنى بىلەن ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل دورىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە جىددىي تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. بۇ خىل دورىلار بىلەن قاتتىق سىلكىنىشتىن كېلىپ چىققان پالەچ كېسەللىكىنى ۋە نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ.

8. ئىرسىيەتتىكى گېننىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ھەر خىل ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئالىملار سالامەتلىكى نورمال بولغان كىشىلەرنىڭ ئىرسىيىتىنى ئۇلارنىڭ ھۈجەيرىسىگە سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، داۋالاپ ساقايتىدۇ. بۇنىڭدا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۈچ مىڭ خىلدىن كۆپرەك ئەنە شۇنداق ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى داۋالاپ ساقايتىش مۆلچەرلەنگەن.

9. ئالىملار قۇياش ئېنېرگىيىسى ۋە يادرو ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، بىر خىل يېڭى راكېتا ياساپ چىقىدۇ. بۇ خىل راكېتا ھازىرقى راكېتىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېنىك، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى تېخىمۇ ئاز، سەييارىلار ئارا ساياھەت قىلىش مۇمكىنلىكى تېخىمۇ چوڭ بولىدىكەن.

دەرىجىدىن تاشقىرى ئېلېكترونلۇق مېڭە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل ئېلېكترونلۇق مېڭە بىرلا ۋاقىتتا ئىنچىكە زور مىقداردىكى ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. (8)

# ئوردۇكتىكى پاجىئەلىك ئەنزە



1. 1905- يىلى قىشنىڭ بىر سەھىرى، روسىيە ئوردۇك ۋوگزالىنىڭ باشلىقى ۋورلونىكى يېڭى دەزماللانغان كىيىملىرىنى كىيىپ خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە شۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولغان بىر كىنازلىق گېنېرالنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىپتۇ.



2. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاراۋوز گۈدۈكلىرىنى ياڭرىتىپ 38 نەپەر تۆمۈر يول خىزمەتچىلىرىدىن تەركىب تاپقان قارشى ئالغۇچىلار سېپىگە قاراپ كېلىپتۇ.

3. دەل مۇشۇ چاغدا بارلىق قارشى ئالغۇچىلار ئارقا تەرىپىدىن بىرسى قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەندەك ھېس قىلىپتۇ-دە، ھەممىسى دۈم چۈشۈپتۇ. تۆت كىشى مەجرۇھ بولۇپتۇ. ۋوگزال باشلىقى بىلەن قالغان 33 ئادەم پاراۋوزنىڭ چاقى ئاستىدا ھالاك بوپتۇ.



5. ئەخمەق بوتچىلار ھۆكۈمنامىگە «ئىنجىل»دىكى مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى يېزىپتۇ: «ھەر بىر بەندىنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ بۇرنى، بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھامان ئاللانىڭ قېشىغا قايتىدۇ». بۇ ھۆكۈمنى كۆرگەن بىر ئالىم مۇنداق دەپتۇ: «ئەپيۇنكى سوتچى بانول قانۇنىنى ئۇقمايدىكەن-دە...» بانۇن قانۇنىنى بىلەمسىز؟ (5)



4. بۇ پەۋقۇلئاددە پاجىئەلىك ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئوردۇك سوت مەھكىمىسى ھەقىقىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپتۇ. ئەمما، پاراۋوزدىن قانچە چاتاق چىقماپتۇ. شوپۇر ۋە خىزمەتچىلەرمۇ قائىدىگە خىلاپ ئىش قىلمىغاچقا، تەكشۈرۈشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ.



ۋەتەن مۇھەببىتى

## ياسىن زىلال

ئانا تۇپراق، جىسمىم سېنىڭ مۈلكۈڭدۇر،
مېھرىڭ تەندە ھاياتىمغا كاپالەت.
قىزىل گۈلدەك ئۆسمەكتىمەن قوينۇڭدا،
يار بولغاچقا ماڭا بەخت ـ سائادەت.

ھوزۇرلاندىم سۈزۈك شەربەت سۈيۈڭدە،
دەريالاردا ئۈسكەن ئەركىن بېلىقتەك.
قايەم ماياك، پالاق بولدى ئىرادەم،
ئۈزدۈم دولقۇن يېرىپ ئۈزگەن قېيىقتەك.

مەپتۇن بولۇپ باقام گۈزەل ھۆسنۈڭگە،
جامالىڭدىن قامىشىدۇ كۆزلىرىم.
قايسى جەننەت، قايسى بېھىش سەنچە بار،
سەنجەننەتلەر جەننىتى سەن ـ ئۆزىبىرىم.

بوستانلىرىڭ يېشىل مەخمەل تونىدىكەن،
چىمەنزارلىق قىنمۇالغان گۈلۈڭمۇ؟!
ئالتۇن چايقاپ ئاققان سۇلار ساداسى،
خەنداندۇرۇپ ئېيتقان ياڭراق كۈيۈڭمۇ؟!

ئانا يۇرتۇم — مېھرىبانىم، قەدىردان،
بەختىيارمەن ئەشۇ ئىللىق قوينۇڭدا.
بىر دەقىقە ئايرىلمايمەن سېنىڭدىن،
قۇچاقلىغان قولۇم ھامان بوينۇڭدا.

باغاشلىغام كۆكرەك يېقىپ كۆكسۈڭگە،
كۈللىرىڭدىن ئەجداد ھىدى كېلىدۇ.
جەڭگاھلاردا بەختىڭنى دەپ جان بەرگەن،
شېھىتلارنىڭ روھى خۇشال كۈلىدۇ.

## رۇبائىيلار

### زوردۇن ئىمىر

دېمىگىن بىر كۈننى قانچىلىك نېمە؟
كۈنىمۇ ھەم يىلغا تەڭ ئىشلەتسەڭ مېڭە.
ۋاقىتىمىز سارغىيىپ قۇرۇيسەن دوستۇم،
غاپىلىق ئىلكىدە ئۈزۈلدۈرسەڭ كېمە.

كەمتەرلىك ئادەمگە تەڭ ئېسىل خىسلەت،
ئۇ بىلەن قونىدۇ كىشىگە زىننەت.
بولۇن ئەل ئىچىدە قىممىتىم دېسەڭ،
يۇقتۇرما ئۆزەڭگە «مەنمەنلىك» ئىللەت.

بولىمۇ قاۋاندەك بەستلىك تېپىلىك،
بولىمۇ ۋە ياكى تۈمۈردەك چېچەنلىك.
ئاجىز سەن كۈچلۈكلۈك بابىدا يەنە،
گەر ئىلىم ـ پەن بىلەن تولمىسا دىلىڭ.

مۇساپەم ئۇزۇن، مەنزىلىم يىراق،
باستىم كۆپ يوللار ھارمىدىم بىراق.
ماڭىمەن يەنە توختىماي چۈنكى،
غايەم نۇرانە ئىستىقبالىم پارلاق.

## ياش دوستلارغا!

### تۇراپ ھەسەن

ياشلىق بوران، ياشلىق چاقماق، ياشلىق خور،
ياشلىق كەلكۈن، ياشلىق يامغۇر، ياشلىق نۇر.
كۆپلەر ئۆتۈپ تىزگىنىنى بۇ پەيتىنىڭ،
ئالتۇندىنمۇ قىممەت كەلگەن پۇرسەتنىڭ.

ئىلىم ـ ھېكمەت، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىگەللەر،
تۇلپىرىنى ئەدەب بىلەن زوڭگەنلەر.
بولمىسۇن مەنسەپ، پۇل ـ ۋەج، يۈلىكى،
ئەل ئىشقىدا ماگما بولۇپ يۈرىكى.

ھالال تەردىن خىشلار قويۇپ ھاياتقا،
زەر گۆھەردىن بىنا سالار ئەۋلادقا.
ئۆمرى ئۆتكەپ، جىسمى پۈتسە مۇبادا
قۇياش كەبى ياشار يەنە دۇنيادا.....

## ياشلىق ۋە شېئىر

### تەلئەت قادىر

توختىمايسەن بىر گۈزەل شېئىرغا،
ئۆمرۈمنىڭ باھارى ـ ياشلىقىم.
توختىمايسەن بىر لىرىك تۇيغۇغا،
تولپاردەك ئەرك چېغىم ـ شاتلىقىم.

ئەڭ گۈزەل شېئىرسەن ياشلىقىم،
قۇرلاردا ئۈنچىدەك چاقنىغان.
ئەڭ يارقىن پىكىرسەن ياشلىقىم،
مەنادىن قۇياشتەك بالقىغان.

ياشلىقىم ئۈنچە بوپ چاقنايسەن،
يالقۇنلۇق مىسرالار قۇرىدا.
ياشلىقنى بىر ئۆمۈر ساقلايسەن،
شېئىردەك سىڭىپ ئەل دىلىغا.

## تاغ ئوغلىمەن

### ئىمىن ئەمرۇلا

ماكانىم تاغ، تۇغۇلدۇم تاغدا،
تاغدەك ئارزۇ ئۈمىدلەر بىلەن.
قەلبىم كۈندەك نۇرلاندى تاغدا،
دەۋرىم كۈلگەچ باشقىچە بەلەن.

ئۆستۈم يەنە تاغ ئوغلى بولۇپ،
تاغ قامىتى بەستىمگە سىڭىپ.
تىكلىدىم مەن تاغدەك ئىرادە،
ئەل ئۈمىدىن قەلبىمگە تېڭىپ.

قورقىتالماس تاغدەك جاپالار،
ئىرادەممۇ بولغاچ گويا تاغ.
يارىتارمەن تاغدەك تۆھپىلەر،
تاغ قوينىدا بىنا قىلىپ باغ.

## نېمە سىر بار كۆزىڭدە؟!

### مۇھەممەد ئىمىن ئەخەت

يۈرەك پارەم سۆيگەن ئامرىقىم،
ئاي ھۆسنى بار گۈلدەك يۈزۈڭدە.
ئالەم ـ ئالەم مۇھەببەت پەيدا،
بۇلاق يەڭلىغ خۇما كۆزۈڭدە.

قەلبىڭ گويا شەبنەمگە مىسال،
چىن مەنا بار ئوتلۇق سۆزۈڭدە.
بىلەلمىدىم شۇنچە شەيدا مەن،
نېمە سىر بار يارىم ئۆزەڭدە؟!

شېئىرىيەت گېزىتى

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1986 ـ يىل
ئىيۇن
(6 ـ سان)

## ...قۇشامشش

...شا تېكىستى)

...ربان مامۇت

...مەن تاغلار بولغۇن،
...ۇك قامەت ماڭا.
...هادىر مەرت قوشۇن،
...خت، ئامەت ماڭا.

...راق تۇلپار مىنىپ،
...تانات قاقتى گويا.
...ل تىلەپ تاغ مەرتلىرى،
...ولۇپ ئاقتى گويا.

...رانلار، ئەھلى يۇرت،
... ماڭا يەمەن ئاتلىنىپ،
...خار، قۇچام زەپەر،
...تىمەدىن شاتلىنىپ.

## ...ۇلدە مىڭ سەۋدا

...خشا تېكىستى)

...ئېلى ئىبزىز

...ن گۈلزار ئەتكەن،
...انان بار ئەتكەن.
...مزىدىن ئۇنىڭغەن،
...رى ئەسپار ئەتكەن،

...ۇم مەن سېنى جانىم،
...ۇپەرىزاتىمنىڭ،
...لاپ سۆيگىنى —
...ارى بار ئەتكەن.

...دىم مۇھەببەتنى،
...لدە مىڭ سەۋدا.
... يولىنى توسماق،
...ېغىر گۇنا ئەتكەن.

## ...ۇزەل قىيانشان

...بىبۇللا ئوسمان

... زەپمۇ كۆركەم سەن،
...رەڭمۇ - رەڭ غۇنچە.
... تۆپرىقىڭ جاندىن،
...يلەش شەرەپ شۇنچە.

...ىڭ بىباھا گەۋھەر،
...مىز دىيارىڭنى.
...ن ئىز باسار ئەۋلاد،
...ەڭگۈ باھارىڭنى.

## ئىككى شېئىر

مەجىت تاش

### ۋەتەننى ئەيلىسەك رازى

قىلايلى چۆلدە باغ پەيدا كۆمۈش تەرلەر تۆكۈپ يارىم،
دېڭىزدىن دۇر سۈزەيلى بىز، ئاڭا چوڭقۇر چۆكۈپ يارىم.

ۋەتەن مېھرى بىلەن بىزنى بېقىپ چوڭ قىلدى مەردانە،
ئۆتەيلى بىز بۇ ئالەمدىن ئۆزنى دىلدىن سۆيۈپ يارىم.

بولۇپ خۇددى جەسۇر شۇڭقار ئىجاتنىڭ كەڭ ساماسىدا،
ئۇچايلى ئەتنى كۆزلەپ تۇمانلارنى يىمىرىپ يارىم.

ئىجادىي - تۆھپىمىز بىرلە ۋەتەننى ئەيلىسەك رازى،
ئۆتەتتۇق بەختىيارلىقتا، ئۆمۈرۋايەت كۈلۈپ يارىم.

### ئۆتەر ئۆمرۈم خۇشال سەندە

گۈزەل يۇرتۇم قەدىرلىكسەن، ئۆتەر ئۆمرۈم خۇشال سەندە،
قېنىپ مېھرى شارابىڭغا جاسارەت ئۇرغىدى تەندە.

سېغىنىپ لەرزىگە قەلبىمنى، دىلىمدا ئۇخچىدى شاتلىق،
قاقاس چۆلدە يېڭى بولغان چىمەن - گۈلشەننى كۆرگەندە.

ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئۆتكەن تۆكۈپ قويغۇڭغا ساپ تەرلەر،
ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتىپ تىلىمەن بۇلبۇل ئۇرار قەندە.

ساڭا تۆھپە قوشۇپ مەنمۇ ئۆتەرمەن جانىجان يۇرتۇم،
ساداقەت ئىلكىدە مەڭگۈ بولۇپ رىشتىمگە پەيۋەندە.

## ناخشىچى قىزغا

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

دىلىمدا قايىندى ئىلھام جاراڭلىق ناخشا، ساز ئاڭلاپ،
چىمەندە سايرىغان بۇلبۇل كۈيىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاپ.

كۆزى شەھلا، لىۋى غۇنچە، جامالى بىر گۈزەل رەنا،
چىقىپ ياڭراتتى ئەل ئىشقى - تىلەكىدىن بېرىپ مەنا.

لىۋىدىن بال تۆكۈپ، بىمار دىلىغا باشلىدى شاتلىق،
ۋۇجۇدى ياشنىدى كۈلگەن باھاردەك روھلىنىپ تاتلىق.

يېقىملىق ناخشا سەگىتتى يۈرەكنى ئويغىنىتىپ تەندە،
دەۋر تۇلپارىنى كۆيلەپ ئاۋا قىلغاچ ئۇرۇپ خەندە.

كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغان سېھىيانى ئۇخشىغاچ گۈلگە،
باسالماي زوقنى ئەل، شات تاراتتى قەلبىدىن كۈلكە.

قانات قاقتى سۆيۈملۈك يۇرت بېغىدا كەڭ ساڭا مەيدان،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا سايرا ئەبەتكە توختىماي رەيھان.

ئادا بولغاچقا تەبرىكلەپ چېلىندى كۆپ چاۋاك ئالقىش،
يازاي خىسلەتلىرىڭنى كۈي - قوشاقلارغا قېتىپ ياز - قىش.

## مەڭگۈ تۆپراق ئۆتىيا

ئابلەت ھەسەن

تارىم بويى بىر ئايماق، قۇلۇنلارنى سەكرەتكەن،
ئىچەرگە بار سۈت قايماق. ئوزۇقى مول چۆپ گىيا.
قوتاز، تۆگە، يىلقىسى، چۆپ گىيانى ئۆستۈرگەن،
قۇلۇنلىرى شوخ ئوينىاق. مەڭگۈ تۆپراق ئۆتىيا.

پارچىلار

## زۇنۇن رېھىم

تۇپراقنىڭ رەڭگى بار تېنىمدە مېنىڭ،
يالقۇنى لاۋۇلدار دىلىمدا مېنىڭ.
شۇ ئانا تۇپراقنى گۈللەش يولىدا،
ئۇرغۇيدۇ مۇھەببەت تېنىمدا مېنىڭ.

× ×

سائەتنىڭ چىكىلداپ ھەر بىر سوقۇشى،
بېرىدۇ دەقىقە ۋاقىتتىن دېرەك.
بىلگىنكى، شۇ ۋاقىت ئۆمۈر گۈلىگىدىن،
تۆكىدۇ تۇيدۇرماي ياپراق ۋە چېچەك.

× ×

ئۆمۈرنىڭ قىممىتى ھەددە زىننەتتە،
قىلىنغان جاپالىق ئەجرى - مېھنەتتە.
ئۆتكۈزسەك مەنىسىز ياشلىق چېغىڭنى،
قالىسەن مەڭگۈلۈك قايغۇ - ھەسرەتتە.

× ×

ئەقلىمنىڭ بىپايان كەڭ ئاسمىنىدا،
جاسارەت يۇلتۇزى پارلايدۇ چاقناپ،
شۇ نۇرنى ئوخشاتتىم قۇياش نۇرىغا،
باشلايدۇ ئۇ مېنى ئىستىقبالغا قاراپ.

## پۇشايمان

ھەبىبۇللا روزى

بىۋاپا يارغا بولۇپ پەرۋانىمەن،
كەينىدىن يۈردۈم چېپىپ ھەر يانىمەن.
مەنىسىز ئۆتتى ئالاي ۋاقتىم مېنىڭ،
تۆكمىدىم ئەل-يۇرت ئۈچۈن دۇر دانىمەن.

پەن- بىلىمگە تارتمىدى رايىم مېنىڭ،
سىردىشىم بولدى ئويۇن دايىم مېنىڭ.
قاچتى مەندىن شۇڭا دوست-يارىم مېنىڭ،
قالدىم ئەلدىن ئايرىلىپ يىگانىمەن.

ۋاي ئىست، يەتمەي ھاياتىنىڭ قەدرىگە،
نە ئۈچۈن كىردىم كۆڭۈلنىڭ كەينىگە.
گۈل ئاقاي ئەندى زامانىم كۆككىگە،
ئىش - چېلىشلاردا بولۇپ مەردانىمەن.

## چېچەك

ئىلغارجان سادىق

ھامىلدار دەرەخلەر چېچەك تۇغۇپتۇ،
ئانار رەڭ ياكى قان-شەپەق رەڭگىدە.
بوۋاقنىڭ لىۋىدە قالغاندەك قاپتۇ،
سۈت ئىمسال قەترىلەر نازۇك بەرگىدە.

سېھىرىگەر شامالار تەۋرەتسە ئۇلنى،
چېچەكلەر ئۇخلايدۇ گويا بوۋاقتەك.
قۇياشقا تەلمۈرۈپ قارايدۇ ئۇلار،
ئويغىنىپ قىپ-قىزىل ئالتۇن تاۋاقتەك.

ۋەتەننىڭ تىنچلىقى
ئەلنىڭ شاتلىقى

↑ خالمۇرات قەييۇم يازغان

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزىدە كۆرگەندەك بىر گۈلى رەناسى بار.
قايسى گۈلنىڭ بىر مىڭى ئۆتكەندەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆرى بىلەن جەننەتۇل مەئۋانى كۆڭلۈم نە يىلەي ئۇن
يار كويىدا پەچچە يۈز مىڭ جەننەتۇل مەئۋاسى بار.

(بۇ ئۈچ پارچە خەتنى مەتتۇرسۇن ئابدۇرەشىت يازغان)

ئۆسمۈرلەر خەتلىرىدىن ئالانما

## ھۆسنخەت شەيداسىمەن

بىر كۆرۈپچە يېزىپ قالدىم ھۆسنخەت گۈلزارىنى،
ئالمىغى كۆرسەم دەپ تىلىمەيمەن چار باغ باھارىنى.
ئۈچ قېتىم كۆرگەندە ئەجرىنى سەيلانە قىپ.
تۆت كۆرۈپ تەكلىدە كەزسەن ھۆسنخەت بەيانىنى.
بەش قېتىم كۆرگەندە سەنئەتكارنىڭ ئالقان تۇيغۇسىدىن
ئېزىپ بېسىپ چەكمەن قازۇرمەن ئۆيگە دۇرلاگانىنى.
ئالتە كۆرگەندە جالالى نۇسخىدىن ئەندىزە ئېلىپ،
سۆيگەندىن خوش قالارمەن مۇشتەرى دىلدارىنى.
يەتتە كۆرسەم شۇ ئىجادكار ئەھلىنى ئۇستاز تۇتۇپ.
خۇددى كۆرگەندەك بولۇرمەن مەككىنىڭ دىدارىنى.
سەككىز ئاي بولدى ئەشۇ پىراق ئوتىدا كۆيگەلى
توققۇز ئاي تولسا ئالۇرمەن مول غەنىمەت ئېلىمنى
گەر نەسىپ بولسا زىيارەت قىلغىلى ئون قېتىم،
چاپتۇرارمەن ئۆتتۇرۇشقا بەيگىنىڭ تۇلپارىنى.
يىل تۇشۇپتۇ ئەگەر ئاپا يادىغا ئەگمە شۇ يەتتىكۈرۈپ،
ئۆچۈرەرمەن كۆڭلىدە قىممەت تالاڭ مىراس شۇڭقارىنى.



↑ مەمەتجان ياسىن يازغان

بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ياشاش مۇمكىن ئەمەس،
ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش مۇمكىن.



# مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىش كېرەك

مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىش كۆپلىگەن ئالىملار، كەشپىياتچىلارنىڭ بىر تۈرلۈك تەپەككۇر ئۇسۇلى. رېئال تۇرمۇشتا بۇ خىل ھادىسە ئاز ئەمەس. پار ماشىنىسى تەكرار ھەرىكەتنى ئايلانما ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ. رەندىلەش ستانوكى بولسا، ئايلانما ھەرىكەتنى تەكرار ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ غول پەيدا قىلىدۇ. كېيىن بۇ غول يەر ئاستىدا چىرىپ، يېڭى زىرائەتلەرگە ئوزۇق بولىدۇ.

ئىنسانلار مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىشتەك بۇ خىل دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر ماھارىتىنى ئاسانلىقچە ئىگىلىيەلمىگەچكە، بەزى ئىشلار نۇرغۇن يىل كېچىككەن. قەدىمقى «بېيجىڭ ئادىمى» ياغاچنى سۈركەپ ئوت پەيدا قىلىشنى كەشىپ قىلىپ، مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىنى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرغان، ئەمما ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇش، 17 - ئەسىردە يەنى پار ماشىنىسى دۇنياغا كەلگەندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشقان. ئالىم دەيۋىي ۋە فارادېيلارنىڭ بۇ ساھەدە ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بار. دەيۋىي باتارېيىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى خىمىيىۋى رېئاكسىيىدىن كېلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ، ئەگەر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئەكسىگە قايتۇرسا، خىمىيىۋى ئېنېرگىيە ھاسىل بولامدۇ - يوق، دېگەنلەرنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ ئاخىرى، ئېلېكترولىز ئۇسۇلى ئارقىلىق خىمىيىۋى ئېنېرگىيىگە ئېرىشىپ ئېلېكترو - خىمىيە ۋە ئېلېكترولىز سانائىتىگە ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ قالغان. 1820 - يىلى دانىيە فىزىكا ئالىمى ئوئېرستېد، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ ماگنىتلىق ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان، دەيۋىدىنىڭ ئۆزىمۇ تەجرىبە قىلىپ بۇنى ئىسپاتلىغان. ئەسلىدە دەيۋىدىنىڭ بۇ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ يەنە بىر ئەكسىگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. بىراق ئۇ بۇلارنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ شاگىرتى فارادېي ئۇنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ھەم ئېلېكترنىڭ ماگنىتقا ئۆزگىرىشىدىن ئىلھام ئېلىپ، يۈرەكلىك ھالدا مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى ماگنىت ئېنېرگىيىسىنىڭ توك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بىر نەپەر ۋېنسۇئېللىق تىببىي ئالىم ھۆجەيرىلەرنى كېسىشنى تەتقىق قىلغاندا چوڭايتىش سانى ناھايىتى زور بولغان مىكروسكوپقا ئېھتىياجلىق بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەشۇ مىكروسكوپنى ئىجاد قىلىپ، ھۆجەيرىلەرنى كېسىش تەجرىبىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ بارغان. كېيىن، ئۇ، مىكروسكوپنى تەتۈر ئىشلىتىش ئارقىلىق ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق كىتابلارنى بىر ۋاراق قەغەزگە سىغدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكالىغان.

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا رېئاكتىپ كۆرەشچى ئايروپىلاننىڭ قانات ئاستىغا 2 دانە قوشۇمچە ماي باك ئېسىۋېلىش بىلەن، ئۇنىڭ چارلاش رادىئوسىنى ئۇزارتقان. 80 - يىللاردا ئالىملار بۇ قۇرۇلمىنى تەتۈرسىگە ئۆرۈپ، چوڭايتىلغان 3 ماي باكقا پۈركۈگۈچ جۈمەك ئورنىتىپ، ئۇ ئارقىلىق بىر ئايروپىلاننى ئىتتىرىپ ئالەم بوشلۇقىغا چىقارغان، كېيىن ئۇنى يەنە يەر يۈزىگە چۈشۈرگەن، مانا بۇ - تۇنجى ئالەم ئايروپىلانى ئىدى.

كۆپ مۇلاھىزە قىلىش، باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش تەپەككۇرنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ دىئالېكتىك مۆجىزاتلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلەيدۇ. مەسىلىنى ئەكس تەرەپتىن ئويلىنىپ زېھنىي ئىدىيىڭىز يەنە بىر تەرىپىگە يۆتكىلىپ بارغاندا، يەنە بىر يېڭى ماكان بايقىلىدۇ. (8) (ئە. تۇردى رەتلىگەن)

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

## تامغا يۆلىنىۋالساڭ

زادىلا ھاراق ئىچىپ باقمىغان بىر يىگىت ھىسامىدىن سورىدى:

— ھىسامكا، ھاراق ئادەمنى تۇتىدۇ دەيدۇ، تۇتۇۋالسا قانداق قىلىدۇ؟ ھىسام ئېيتتى:

— مەن تالاي سىناپ باققان، تامغا يۆلىنىۋالساڭ ھېچنېمە قىلالمايدۇ!

## ئۆسۈش

پىشايۋاندا ئىرغاق ئېلىۋاتقان ھىسامغا مەنسەپخۇمار ئىدارە باشلىقى چاقچاق قىلدى:

— ھىسامىدىن، ئىرغىقىڭىز نېمانچە تېز ئۆسىدۇ؟

— مەنسۇۋىمىز ئۆسمىگەندىن كېيىن، ئىرغىقىمىز بولسىمۇ تېز - تېز ئۆسۈپ تۇرسۇن دە، باشلىق، — دېدى ھىسام دەررۇ.

## ماختىنىش

ھىسام زۇكام بولۇپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتسا ئۈچ سودىگەر يىگىت ئۇچراپ قاپتۇ. پاراڭ ئارىسىدا يىگىتلەر بەس - بەستە ماختىنىپ مېنىڭ مۇنچىلىك دەسمىيىم، مۇنچىلىك مېلىم بار دېيىشكىلى تۇرۇپتۇ. ئىچى پۇشقان ھىسام دەپتۇ:

— بىزگىمۇ پاراڭ نۆۋىتى بېرىڭلار ماختىنايلى!

— ماختانغىدەك نېمىڭىز بار، ھىسامكا؟ — دەپتۇ يىگىتلەردىن بىرى، ھىسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىزنىمۇ بوش كۆرمەڭلار بەش - تۆت تەڭگىمىز بولمىسىمۇ يىگىمدىن تەككەن زۇكىمىمىز بار.

## بۇدا كۆرۈشكەندە

بىر ئايال بىر مەزگىل سىرتقى جايلاردا يۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ھىسام ئۇ ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئەھۋال سورىدى.

— ياخشىمۇ سىز ھاۋاخىندە؟

— ھەدىگىزنى ئېيىپ ھەدە دەڭ، — دېدى ئايال ئاچچىقلىنىپ، — ھەدە دېمەي سىڭلىم دەڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى ھىسام دەررۇلا، — بۇدا يەنە بىر ئايلىنىپ كەلسىڭىز كۆرۈشكەندە قىزىم دەيدىغانلىقىمنىمۇ ئۇقتۇم!

(مەخمۇت مەھەممەد رەتلىگەن) ،

## چىش بىلەن توخۇنىڭ يېشىنى ئايرىش

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىر ئوقۇغۇچىدىن:

— سەن ئېيتىپ باقە، كىشىلەر توخۇنىڭ يېشىنى نېمىگە ئاساسلىنىپ بىلەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چىشىغا ئاساسلىنىپ مۇئەللىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچى.

— بىراق، توخۇنىڭ چىشى يوقتە.

— توخۇنىڭ چىشى بولمىغىنى بىلەن، ئادەملەرنىڭ چىشى باردە، ئەگەر توخۇنىڭ گۆشى يۇمشاق بولسا، ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ گۆشىنى چىشلەپ تارتسىمۇ ئۈزۈلمىسە، ئۇ يېشى چوڭ، قېرى توخۇ بولغان بولىدۇ.

## ئارىلىقى قۇياشقا يېقىن

تۇردى كېيىملىرىنى ئىگىز ئىلكەپ قويۇلغان بايراقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ يېيىپ قويىدى. دادىسى بۇنى كۆرۈپ:

— سەن كېيىملىرىڭنى بايراقنىڭ ئۈستىگە يېيىپ نېمە قىلماقچىسەن! — دەپ سورىدى تولىمۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— دادا، سىز بىلمەيسىز، ئۇ يەر بىلەن كۈننىڭ ئارىلىقى يېقىن، كېيىملىرىم تېز قۇرۇيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى تۇردى.

### توخۇ توغرىسىدا

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپنىڭ پەلسەپە كاپىدراسىنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەپتۇ. دادىسى ئۇنى توخۇ ئۆلتۈرۈپ، هاراق قۇيۇپ مېھمان قىپتۇ. تاماق ۋاقتىدا، دادىسى ئوغلىدىن:

— سەن ئالىي مەكتەپتە نېمە ئوقۇدۇڭ؟—دەپ سوراپتۇ.

— پەلسەپە،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

— ئۆگەنگەن ئۇ نەرسەڭ نېمىگە ئىشلەيدۇ؟

— پەلسەپە ئۆگەنگەرلەرنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ مۇشۇ جوزىدىكى بىر توخۇنى ئالساق، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ بىر توخۇ، يەنى كونكرېتنى توخۇ، لېكىن بىز پەلسەپە ئۆگەنگەنلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇ ئىككى توخۇ، يەنى ئەشۇ كونكرېت توخۇدىن سىرت ئابستراكت توخۇمۇ بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سىڭلىسى تۇيۇقسىز:

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشىكەن، مەن بىلەن دادام بۇ كونكرېتنى توخۇنى يەيلى، سەن ئەشۇ ئابستراكت توخۇنى يە،—دەپ ۋارقىراپتۇ خۇشال بولۇپ.

### سوئالغا جاۋاب

مېھمان: دادىڭىز ئۆيدە بارمۇ؟

بالا: دادام ئۆيدە يوق.

— بالام، مەن ئۆيدە تۇرسام، نېمىشقا ئۆيدە يوق دەيسەن؟—دەپ سورىدى دادىسى مېھمان كەتكەندىن كېيىن.

— ئانام ماڭا، ئەگەر بىر كىشى داداڭ بارمۇ دەپ سوراپ قالسا قولىدا سوغات بولمىسا يوق دېگىن دەپ ئۆگەتكەن،—دېدى بالىسى.

### ئادەم قېرىسا ئېغىزى چوڭ بولىدىكەن

خېرىدار: ئاڭلايمەن ئىش، ئادەم قېرىسا ئېغىزىمۇ تەڭ چوڭىيىدىكەن.

كۆتكۈچى: ناتايىن.

خېرىدار: نېمىشقا ناتايىنكەن، بىرنەچچە يىل بۇرۇن بۇ يەردە مانتا يېگەن ۋاقتىمدا بىرسى ئېغىزىمغا ئىككى ئۈچ كەلگەن، هازىر بىرسى بىرلا كىلمۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ.

(ئابدۇغېنى جاپپار تەرجىمىسى)

### دادام سېنىڭمۇ داداڭ

بىر كۈنى بىر ئايال ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

يولدىشى: نېمىگە يىغلايسىز،—دەپ سوراپتۇ.

ئايالى: بۈگۈن رەھمەتلىك دادام يادىمغا كېلىپ قاپتۇ.

بالىسى: ۋاي ئاپا دادىڭىز مانا تۇرمامدۇ دەپ ئۆزىنىڭ دادىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئاپىسى: بالام ئۇ دېگەن سېنىڭ داداڭ.

بالىسى: ئۇ مېنىڭ دادام بولغاندىكەن، سېنىڭمۇ داداڭ بولىدۇ-دە.

(هاۋاخان ئىسمايىل)

### ئېرىنىڭ ئايالىغا بەرگەن جاۋابى

خوتۇنى: سىز قايسى ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنى ئەڭ ئەركىن هېس قىلىسىز.

ئېرى: سىز يېنىمدا يوق ۋاقىتتا.

خوتۇنى: سىزنىڭ خىجىلچىلىقتا قالغان چاغلىرىڭىزمۇ بولغانمۇ؟

ئېرى: بولغان، ئۆتكەندە ئانىڭىز ئۆيىمىزگە كەلگەن ۋاقىتتا.

خوتۇنى: نېمە ئۈچۈن؟

ئېرى: چۈنكى ئۇ كۈنى سىز ئۆيدە يوق، ئۆيدىكى پۇل ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ هەممىسىگە قولۇپ سېلىپ قويغان ئىكەنسىز، موماي ئاچ قوساق كېتىپ قالدى. (8)

(ئېزىز ساقى تەرجىمىسى)



# بېسىمغا ئۇچرىغاندا

بىز تۇرمۇشتا خىلمۇ-خىل بېسىملارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز، بۇ خىل بېسىم ئالدىدا، بەزىلەر قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، يېڭىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ خىل جۈرئەتسىزلىك شۇ كىشىنىڭ خىزمىتىگە، ئۆگىنىشىگە ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللانسا بېسىمنى يېڭىشكە بولىدىكەن.

ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىۋېلىڭ؛ ئالدىن ماڭىدىغان يولىڭىزنى تاللىۋېلىڭ، تېز رېتىم قوغلاشماڭ، بوش ۋاقتىڭىز بولسا، قىلمىسا بولمايدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك، قىلسىمۇ-قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئورۇنلاشتۇرۇڭ، كېيىن شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۈچىنچى ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىڭ.

ئۆزىڭىزنى قايىل قىلىشنى بىلىڭ؛ سىز دائىم قارشى تەرەپنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغاندەك ئۆزىڭىزنى - ئۆزىڭىز قايىل قىلىشقا تىرىشىڭ، ئۆزىڭىزنى قايىل قىلىشتا كەيپىياتتىكى ئەكس تەسىر چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. قايغۇرغاندا، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم، ئازراقتىن تەسىر قوزغاش كېرەككى، ئاخىرىدا ھەزەپكە كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئۆزىڭىزنى بوش قويۇۋېتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، ئادەم تىنچلىققا ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە مۇھتاج.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆزىڭىزنى چوڭ ئېچىپ، رېتىملىق نەپەس ئېلىپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، بۇنى كۈنىگە ئىككى قېتىم ھەر قېتىمدا 10 — 15 مىنۇتقىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

قەرەللىك گىمناستىكا ئويناڭ. ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم رادىئو گىمناستىكىسى ئويناش، ھەر قېتىمقىسىنى 20 مىنۇت داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندىلا، يۈرىكىڭىزنىڭ سوقۇشى ئاستىلاپ، بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

بارلىق بوش ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈڭ: بىر ئادەم مۇۋاپىق بوش ۋاقىتتا قايتىدىن خىزمەت قىلىدۇ، ئارام ئالىدۇ. ئەگەر سىز سالماقلىق ئادەم بولسىڭىز، ۋاقتىڭىزنىڭ ئاسارىتىدىن جىددىي ئىشتىن قۇتۇلۇپ، يىرىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز كېرەككى، ھەرگىز ئۆزىڭىزنى سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىڭىز كېرەك.

قەرەللىك ئوزۇقلىنىڭ: نورمال بەدەن ئېھتىياجىڭىزنى ساقلاڭ، سەمىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ، يېمەكلىكنىڭ ئىسسىقلىقى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمىسۇن، ئەتىگەندە ياخشى ئوزۇقلىنىڭ.

خىمىيىلىك چېكىملىك، ئىچىملىكنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماڭ: بەزىلەر سۈنئىي چارە بىلەن ئۆزىدىكى بېسىمنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، تەركىبىدە نىكوتىن بار چېكىملىكلەرنى، ھاراق، كافېي ۋە دورا قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ روشەنكى مۇۋاپىق چارە ئەمەس.

تاماكا چەكمەڭ: سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرايمەن دېسىڭىز تاماكا چېكىشنى تاشلاڭ.

ھاراق ئىچىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ: ئەڭ ياخشىسى تاماقتىن كېيىن ئۈزۈم ھارىقى، پىۋا قاتارلىقلارنى ئازراق ئىچىڭ. كافېينى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچسىڭىز بېشىڭىز ئاغرىيدىغان، چېچىلىدىغان بولۇپ قالىسىز.

دورىنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىچىڭ: ئەمەلىيەتتە، خىمىيىلىك نەرسىلەر بېسىمنى كونترول قىلىشتا مەلۇم تۈيغۇ پەيدا قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ۋاقىتلىق، ئۆزىڭىزدىكى بېسىمنى ھەقىقىي كونترول قىلالايدىغىنى باشقا نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزدۇر. (5)



## كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس



# چاچ نېمە ئۈچۈن ساغىرىپ كېتىدۇ

چاچ ئاساسلىقى مۇنۇ ئۈچ سەۋەبتىن ساغىرىپ كېتىدۇ. بىرىنچى، چاچنىڭ فىزىولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ بېشىدىكى ھەر بىر تال چاچنىڭ ئەتراپىدا مۈگگۈز ماددىسى ھۈجەيرىلىرى، رەڭ ماددىسى ھۈجەيرىلىرى بولىدۇ. ئالدىنقىسى چاچنى ئۆستۈرىدۇ، كېيىنكىسى چاچنى قارايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاچ ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىقتىدارى تۇسالغۇغا ئۇچرىغان ھامان چاچنىڭ ئۆسۈشىگە، رەڭگىگە تەسىر يېتىدۇ، جىددىي خاراكتېرلىك قىزىتما ياكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرمۇ چاچ ھۈجەيرىلىرىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاچ ساغىرىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن ياكى تاتلىق، ياغلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان ۋاقىتتا، ئادەم تېنىدە سۈت كېمىلاتاسى، كاربونات كېمىلاتاسى قاتارلىق زەھەرلىك ماددىلار پەيدا بولىدۇ، شۇ سەۋەپتىنمۇ چاچ ساغىرىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، باش بەك تاتىلاپ يۇيۇلسا ياكى ماي تەركىۋى يۇقىرى ئىشقارلىق سوپۇندا يۇيۇلسا، چاچنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تېرىدىكى ماي يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ-دە، چاچ ساغىرىپ كېتىدۇ، چاچ زىيادە بۇدرە قىلدۇرۇلسىمۇ ساغىرىپ كېتىدۇ.

قىسقىسى: چاچنىڭ رەڭگى شۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ، تۇزۇۇقلىنىش ناچار بولۇش، كۆپ تەشۋىشلىنىش، تەن ئاجىزلىق، كۆپ كېسەل بولۇشتىنمۇ چاچ ساغىرىپ كېتىدۇ ياكى چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، كۆڭلى كۆكسىنى ئازادە تۇتۇش، تۇرمۇشنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈش، داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەركىۋىدە يود كالتسىي، ئاقسىل ۋە ۋىتامىن A بار يېمەكلىكلەر، ئۇنىڭدىن باشقا، تەركىۋىدە تۆمۈر ماددىسى بار يېمەكلىكلەرنىڭمۇ كېمىلاتالىق ماددىلارنى چەكلەش رولىنىڭ بارلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كالا جىگىرى، باش پىياز قاتارلىق يېمەكلىكلەر قاندىكى كېمىلاتالىق ماددىلارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، شۇڭا، بۇ خىل يېمەكلىكلەرنى ئازراق يېيىش كېرەك.

## بۇ خىل ھالەت سىزدە بولسا

بىر ئادەمنىڭ قېرىشقا قاراپ ماڭغان-ماڭمىغانلىقىنى، چاچقا، چىشقا ياكى ئورگانىزىملارنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ھەقىقىي قېرىلىق بۇنداق ئاددىي ۋە يۈزەكى بولمايدۇ. تۆۋەندىكى بىر قانچە سىناق تېمىلار سىزنىڭ ھەقىقەتەن قېرىشقا قاراپ ماڭغان-ماڭمىغانلىقىڭىزدىن بېشارەت بېرىدۇ.

(1) ئەگەر سىز ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن بېرىش كېلىش قىلمىسىڭىز؛

(2) ياشلىق دەۋرىڭىزنىڭ كۈنلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كەلگۈسىدىن قىلچە ئۈمىد كۈتمىسىڭىز؛

(3) ئۆتۈپ كەتكەن ياخشى كۈنلەرنى تىلغا ئېلىپلا يۈرسىڭىز؛

(4) ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار تۈپەيلى، باشقىلارغا ئاداۋەت ساقلىسىڭىز؛

(5) كۈندىن-كۈنگە شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىڭىز؛

(6) كىشىلىك ھاياتىڭىزنى مەنىسىز دەپ قارىسىڭىز؛

(7) بىرسى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇنۇڭىزنى باشقا جايغا يۆتكىۋەتسە، شۇ ئىشنىڭ جېنىڭىزغا تەككەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز؛

فىزىولوگىيە جەھەتتىكى بۇ خىل قېرىلىققا شىپالىق دورا بولمىسا كېرەك.



# ئۆزمە كۆڭۈللۈكنىڭ ئاقىۋىتى

تۇرسۇن ئەلى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1986 - يىلى 2 - فېۋرال كۈنى پوسكام ناھىيىسىدە يېيىق سوت ئاچتى. سوتنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغان ھامان ئىككى نەپەر قانۇن ساقچىسى قولىغا كويزا سېلىنغان بىر يىگىت بىلەن بىر چوكاننى سوراق مەيدانىغا يالاپ كىردى. 29 ياشلاردىكى بۇ يىگىت بىلەن چوكان خۇدىنى يوقىتىپ، دۆلەت قانۇنىنى ۋە جامائەت ئەخلاقىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇزۇندىن بۇيان قانۇنسىز مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ھەم بۇ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن چوكاننىڭ قانۇنلۇق ئېرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھازىر بولسا قانۇن ئالدىدا پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكمەكتە...

سوت ئاياقلاشقاندىن كېيىن چوكان: «مېنى شەيتان ئازدۇردى... كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئېرىم توختىنىڭ ياش جېنىنى نابۇت قىلدىم... ماڭا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ھەق بولدى... ئاھ بالام يېتىم قالدىڭ بالام—...!» دەپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ خۇنسىز كۆزىدىن چىققان ياش زەپىرەڭ مەڭزىنى بويلاپ زىمىرەڭ نىلۇن كاستيۇمىنىڭ مەيدىسىنى نەملىمەكتە ئىدى. ئۇ ھازىر قانچە پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، كېچىككەن ئىدى. ھۆرمەتلىك كىتابخان! بىز گەپنى كۆپ قىلماي بۇ ئىككى جاۋابكارنىڭ جىنايى دېلوسىنى ۋاراقلاپ كۆرەيلى.

باش جىنايەتچى گوياخان پوسكام ناھىيە ئاقتام يېزا ھازىتام ئىككىنچى كەنتتىن بولۇپ، ئۆلگۈچى توختى تۇرۇپ بىلەن نىكالىنىشتىن بۇرۇن، شۇ يېزا تەۋەسىدىكى XX XX لار بىلەن ئىلگىرى-كېيىن تۇرمۇش قۇرۇپ بىرىنى ئۇنداق، بىرىنى بۇنداق دەپ نىكادىن ئاجراشقان. 1979-يىلى ئۇ جەبىرلەنگۈچى ئۆلگۈچى توختىغا «كۆيدۇم» دەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن نىكالانغان. جەبىرلەنگۈچى ئۆلگۈچى توختى ئاقكۆڭۈل، ساددا دېھقان يىگىتى بولۇپ، ئائىلە ئىشلىرىغا ۋە گوياخاننىڭ تۇرمۇشى، قانۇنى ھوقۇقىغا كۆيۈنەتتى. ھەم دائىم گوياخاننىڭ كۆڭلىنى ئىزلەيتتى. ئەمما گوياخان ۋاپاغا جاپا كەلتۈرۈپ، ئۆزمە كۆڭۈللۈك قىلىپ، 1985-يىلى 5- ئايدا شۇ يېزىنىڭ ھازاتام 1- كەنتتىكى جاۋابكار ئىدرىس بىلەن ئاپاق چاپاق بولۇپ چىرىكلىشىشكە قاراپ ماڭغان ۋە سەۋەبسىزلا ئېرى توختىغا «خېتىمنى بەرسەڭ» دەپ تەلەپ قويغان. توختى بولسا: «ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالمىساق، ئوتتۇرىمىزدا بالا بار، بالىنى يېتىم قىلساق بولامدۇ؟ ئاجرىشىش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، كۆڭلىڭىز قالغان يېرى بولسا مەن ئالاي...» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن گوياخان ئاجرىشىشقا كۆزى يەتمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلماق-

## ئەلنىڭ قۇلىغى ئەللىك

چى بولىدۇ. 1985-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا گوياخان جاۋابكار ئىدرىسقا «ئۆيگە دورا چاچماقچى ئىدىم، دورا تېپىپ بەرسىڭىز...!» دېدى. 8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۇ ياڭاقتەك چوڭلۇقتا «دېبەيچۈك» ئەكېلىپ بېرىدۇ. گوياخان دورىنى قولىغا ئېلىپ، «يېرىمىنى ئۆيگە چاچىمەن يېرىمىنى توختىغا بېرىپ، ئۇجۇقتۇرىمەن» دېگەندە، جاۋابكار ئىدرىس ئۇنى توسىماي «شۇنداق قىلىڭ!» دەپ ئۇنى كۈشكۈرتكەن. شۇ ئاينىڭ 5-كۈنى گوياخان ئېرى توختى ئېتىزغا ئەمگەككە چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېبەيچۈكنى خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ نان ياققان، ئاندىن توختىنىڭ قېشىغا چىقىپ: «نان يەۋېلىڭ، مەن ئوت ئالىمەن» دەپ قوناقلىققا كىرىپ كەتكەن. ئاقكۆڭۈل، ساددا يىگىت توختى ئۆزىگە قۇرۇلغان يوشۇرۇن قاپقاننى بىلمەي ئۆيگە كىرىپلا ناننى ئېلىپ يېگەن. نەتىجىدە، 10 مىنۇت ئۆتمەيلا زەھەرلىنىپ سۇغا موللاق ئېتىپ يىقىلغان. باشقىلار كېلىپ سۇزۇپ ئالغاندا ئۇ ئاللاقاچان جان ئۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان ئۇرۇق-تۇغقان ئەل-جامائەت توختىنىڭ ئۆلۈمىدىن گۇمانلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا مەلۇم قىلغان. رازۋېتكا قىلىش ۋە قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق توختىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئۇ ئىككى نەپەر جاۋابكار پاكىت ئالدىدا ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇ كۈنىدىكى سوتتا باش جاۋابكار گوياغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈر بويى مەھرۇم قىلىش، جاۋابكار ئىدرىسقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، ئۆمۈر بويى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ. (5)

## ئىجادى تەپەككۇرنى...

ئەگەر سىز داۋاملىق تۈۋەندە كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بىلەن پىكىر يۈرگۈزسىڭىز ۋە ئۇنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسىڭىز مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىجاتچى بولۇپ قېلىشىڭىز تەس گەپ ئەمەس.

1. ئايلاندۇرۇش: بۇ نەرسىنى باشقا يەرگە ئىشلەتكىلى بولامدۇ؟

2. ماسلىشىش: بۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا نەرسە بارمۇ، بۇ نەرسە ئارقىلىق باشقا نەرسىنى ئويلاپ تاپقىلى بولامدۇ؟

3. ئۆزگەرتىش: ئەسلىدىكى كۆرۈنۈش رەڭگى، تەمى، شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتكەندە قانداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ، يەنە باشقا ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرى بارمۇ؟

4. چوڭايتىش: بۇ نەرسىنىڭ ئۈستىگە يەنە باشقا نەرسە قوشقىلى بولامدۇ؟ كۈچلۈكرەك، ئېگىزرەك، ئۇزۇنراق ياكى قېلىنراق بولسا بولامدۇ؟

5. كىچىكلىتىش: بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسىم نېمىلىرىنى ئازايتسا قانداق بولىدۇ؟

6. ئورنىغا قويۇش: بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا قويىدىغان باشقا نەرسە بارمۇ، باشقا ماتېرىيال، باشقا ئىشلىتىش ئورنى ياكى باشقا ئۇسۇلنى بۇنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولامدۇ؟

7. قايتا قۇراشتۇرۇش: قايتا قۇراشتۇرغاندا، سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئالماشتۇرغاندا، سۈرئەت نىسبىتىنى ئۆزگەرتكەندە، قانداق نەتىجە چىقىشى مۇمكىن؟

8. ئالماشتۇرۇش: ئوڭ-تەتۈرىنى ئالماشتۇرسا قانداق بولىدۇ، تەتۈر ئۆرۈسە قانداق بولىدۇ، تەتۈر ئايلاندۇرغىلى بولامدۇ؟

9. بىرىكتۈرۈش: بۇ نەرسىنى باشقا نەرسىلەر بىلەن بىرىكتۈرگەندە قانداق بولىدۇ؟

## قول يازمىنىڭ باھاسى

پېدېراتسىپ گېرمانىيەدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ قول يازمىلىرىنى سېتىش بازىرىدىن پارتلاش خاراكتېرىدىكى بىر خەۋەر تارقالغان، يېقىندا لېنىننىڭ كىرالاپاتكىنىغا يازغان بىر پارچە قول يازمىسى 280 مىڭ مارك باھا بىلەن سودا بولغان. بۇنى سېتىۋالغۇچى پايتەخت بوننىدىكى بىر ئايال گۈزەل-سەنئەت سودىگىرى ئىكەن. لېنىننىڭ يەنە بىر قول يازمىسى 75 مىڭ ماركقا، ماركسنىڭ بىر پارچە قول يازمىسى 25 مىڭ ماركقا سېتىلغان. بىتخوۋېن يازغان بىر پارچە بەش-سىزىقلىق نوتىنىڭ يېرىم ۋارىقى 11 مىڭ ماركقا سېتىلغان. يېرىمىنى بۇرۇن سېتىۋالغان ئىكەن. مۇزاتنىڭ ئۇسۇل مۇزىكىسى 125 مىڭ ماركقا سېتىلغان. ئۇ ئەسلىدىكى باھاسىدىن 25 مىڭ مارك يۇقىرى سېتىلغان. لېنىننىڭ كىرالاپاتكىنىغا يازغان خېتى مەيلى سېتىلىش ياكى باھاسىنىڭ ئېشىشى جەھەتتە بولسۇن ھەممىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا بولغان. (9)

## «تەھدىت سېلىش جىنايىتى»

يېقىندا ئامېرىكىدا بىر سەيلى ئىسىملىك ئىشسىز ياش بىر باينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر ياۋۇز ئىت تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، كۆكرەك قىسمىنى جاراھەتلەندۈردى. سەيلى ئاچچىقىدا چىدىماي: «ھۇ، لالما ئىت، ئەدىۋىڭنى بەرمەيدىغان بولسام...» دەپ تىللايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىتنىڭ ئىگىسى قىلچىمۇ ئويلىماستىن ئالدىن سوتقا بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. سوتچى ئۇنىڭ ئىتىنىڭ بىگۇنا سەيلىنى چىشلەپ جاراھەتلەندۈرگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەيلىنى «ھايۋاناتلارغا تەھدىت سېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دەپ ئەيىبلەپ، 150 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە تۆلەشنى ياكى يەتتە كۈنلۈك قاماقتا يېتىش جازاسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ. سەيلى ئۆزىنى قانچە قېتىم ئاقلىسىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا ئامالسىز يەتتە كۈنلۈك قاماق جازاسىنى تاللايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەنزە تاماملىنىدۇ. (4)

## بۇلبۇل ئاشخانىسى

ئامېرىكا ۋە غەربىي گېرمانىيىنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىدە بۇلبۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانىلار بار. بۇ خىلدىكى ئاشخانىلار كۈتكۈچىلىككە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك قىزلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ قىزلار كۈتكۈچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى مېھمانلارغا ھەمرا بولۇپ شېئىر ۋە رەسىم توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلارغا بېيىت ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار يەنە كىلاسسىك ئۇسۇللارنى ئوينايدۇ. بىراق قايناق ھېسسىياتلىق دىسكو ۋە چاقماق ئۇسۇلىنى ئوينىمايدۇ. بۇ ئاشخانىنىڭ تاملىرى داڭلىق شېئىر ۋە رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئاڭلىتىدىغىنى ھەممىسى ئېسىل مۇزىكىلار. بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يېگۈچىلەر گۈزەللىكتىن قانچىلىك ھوزۇرلىنىپلا قالماستىن بەلكى چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ. «بۇلبۇل ئاشخانىسى» پەس ئارزۇ-ھەۋەس ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەتلىرىدىن خالى بولغاچقا، بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. (4)

### مايمۇننىڭ باج تۆلىشى

ئىتالىيىنىڭ ۋېنېتسىيە ئوبلاستىدىكى بىر كىشى بىر مايمۇننى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالغان. ئويلىمىغان يەردىن بۇ يەردىكى باج ئىدارىسى مايمۇندىن ئاپاۋەت بېجى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى؛ بۇ مايمۇن تراكتور ھەيدەشنى، يەم - خەشەك توشۇشنى بىلىپلا قالماستىن، يەم - خەشەكلەرنى ئوقۇرغىمۇ سالالايدىكەن، يەنە تراكتور ھەيدەشتىن بۇرۇن ماتور يولىلىرىنى تەكشۈرۈشنىمۇ بىلىدىكەن. باجگىرلار بۇ مايمۇننى پىشقان ئەمگەكچى، ھەر ئايلىق ئەمگەك قىممىتى تەخمىنەن 9 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر كېلىدۇ، شۇڭا، ئۇنىڭ ئاپاۋەت بېجى تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ قارايدىكەن.

مايمۇن ئىگىسى ئۇنىڭغا قايىل بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئاقلىغۇچىسى: بۇ مايمۇننىڭ ئىش قىلىشنى بىلىشى مايمۇن ئىگىسىنىڭ 20 يىللىق كۆڭۈل قويۇپ يېقىپ تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ھازىر مايمۇننىڭ ئىش قىلىشى ئىگىسىنىڭ باققان ۋە تەربىيىلىگەن ھەققىنى قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر، دېگەن. (4)

### «كاتيۇشا» مۇزېيخانىسى

سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى مىخائىل ئىسا كوۋىسكىنىڭ يۇرتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆزگىچە تۇنجى مۇزېي — پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى ناخشىسى «كاتيۇشا» مۇزېيخانىسى قۇرۇلدى. بۇ مۇزېيخانا «كاتيۇشا» كۇلۇبى ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان، ئۇلار بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مۇشۇ ناخشىلارغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىغان، كۆپلىگەن كىشىلەر تەشەببۇسچىلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تۈرلۈك ئەسلىمە ماقالىلارنى، «كاتيۇشا» نىڭ تۈرلۈك ناخشا تېكىستلىرىنى پاتىفون تەخسىلىرىنى، شۇنىڭدەك «كاتيۇشا» ناخشىسىغا ئائىت كەسمىلەرنى ھەمدە «كاتيۇشا» سىمفونىيىسىگە تەقلىد قىلىنغان ئېلېكتر ئوركېستىرلارنى ئەۋەتىپ بەرگەن. (4)

### 1552 - قېتىملىق ...

ئىتالىيىنىڭ تۇرىن شەھىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى قورۇسىغا ئوتتۇرا ياشلىق بىر جۈپ ئەر - خوتۇن كىرىپ كېلىدۇ. ئايالنىڭ بۇرۇنلىرى كۆكىرىپ، يۈزلىرى ئىششىپ كەتكەن، ئەر كىشىنىڭ بېشى تېڭىلغان بولۇپ يۈزىدە قان ئىزلىرى ئۇراتتى.

ئەسلىدە بۇلار پۇتبول مەستانىلىرى بولۇپ ئېرى ماقالىنا بىر پۇتبول كۇلۇبىنىڭ سادىق ئەزاسى، خوتۇنى باشقا بىر پۇتبول كۇلۇبىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى. بۇ ئىككى كۇلۇب ئارا ھەر ھەپتىسى بىر قېتىم كەسكىن مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇلار مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى باسالماي گەپ تالىشىپ قالىدۇ. دەسلەپتە جېدەللىشىدۇ. كېيىن مۇشتلىشىپ كېتىدۇ. جېدەلدىن كېيىن بۇلار سوتقا بېرىپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتچى بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن خاتىرىگە: «يېقىنقى يىللاردىكى ئىتالىيىدە يۈز بەرگەن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 1552 - قېتىملىق ئاجرىشىش دېلوسى» دەپ يازىدۇ. (4)

# ئامېرىكىدىكى ئالەم بوشلۇقى زاراھكالىقى

ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن قېرىيدۇ. كېسەل بولىدۇ، ئاخىرى ئۆلىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر مېيىتنى يەرلىك كولاپ دەپنە قىلىدۇ ۋە ياكى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ بار. يېقىندا، ئامېرىكىدىكى كېلىپس ئىسىملىك بىر كاپىتالىستنىڭ خۇسۇسىي سودا راكېتا شىركىتى يەنە بىر خىل «ئالەم بوشلۇقىغا دەپنە قىلىش» دېگەن غەلىتە بىر ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ۋېۋىسكا ئېسىپ تىجارەت قىلىشىنى تەستىقلاشقا تەييارلانغان.

بۇ كارخانىدىكى كىشىلەر ئۇنى «ئالەم بوشلۇقى زاراھكالىقى» دەپ ئاتىغان، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە شېستون ئالەم بوشلۇغى مۇلازىمەت شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «كېنىستون 11 تىپلىق راكېتا»دىن پايدىلىنىپ، نەچچە مىڭ جەسەت كۈلى قوتىسىنى سۈنئىي ھەمراھقا قاچىلاپ ئېگىز ئالەم بوشلۇغى ئوربىتىسىغا ئېلىپ چىقىدىكەن. بۇ شىركەتتىكى كىشىلەر يەنە كۆرەڭلىگەن ھالدا مۇنداق دېگەن: بۇ جەسەت كۈلى قۇتىسى يەر شارىدىن 3 مىڭ 40 كىلومېتىر ئېگىز ئالەم بوشلۇقى ئوربىتىسىدا 6 مىليارد 3 يۈز مىليون يىل تۇرالايدىكەن، سۈنئىي ھەمراھنىڭ سىرتى كۈچلۈك نۇر قايتۇرىدىغان ماتېرىياللاردىن ياسالغاچقا، ئاخشاملىرى ئاي، چولپانلارنىڭ سۇس يورۇقىدا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، كىچىك تېلىسكوپ ئارقىلىق مېيىتنىڭ «ئاسماندىكى ئەرۋاھى»نى يەنى سۈنئىي ھەمراھنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قايغۇلۇق ماتەم ھېسسىياتىنى باسالايدىكەن. ئۇلار بىرىنچى تۈركۈم «ئالەم بوشلۇقى زاراھكالىقى»نى 1986 - يىلى ياكى 1987 - يىلى قويۇپ بېرىشنى، 21 - ئەسىرگە بارغاندا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلار سۈنئىي ھەمراغا تېخىمۇ كۆپرەك مېيىتنى قاچىلاپ ئالەم بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ شىركەت قايتا كۆيدۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، جەسەت كۈلىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىلگەن ئالاھىدە قۇتىلارغا قاچىلىغان. ھەم كىشىلەرنىڭ جەسەت كۈلى ئالەم بوشلۇقىدا قۇتىدىن تۆكۈلۈپ كېتەرمىكىن دېگەن ئەندىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، جەسەت كۈلى قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ھەم، پۇختا ئېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ شىركەت يەنە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىپ بېرىشنى ئالدىن كېلىشىۋېلىپ، ئالەم بوشلۇقى خاتىرە بويۇملىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن. خىزمەتنىڭ بۇنداق ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىنىشى بىكاردىن - بىكار بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، ئەگەر ھەر - بىر جەسەت قۇتىسىنى 3 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ھېسابلىغاندا ئالەم بوشلۇقى، زاراھكالىقىغا بىر قېتىمدا 5 مىڭ جەسەت كۈلى قۇتىسى ئېلىپ چىقىلساھەر، يىلدا ئون قېتىم قاتنىسا ھەممە چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۇلار يىلىغا تەخمىنەن 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ساپ پايدىغا ئېرىشەلەيدىكەن. بۇ شىركەت يېقىندا يەنە يەر شارىدا كۆيدۈرۈپ ئالەم بوشلۇقى زاراھكالىقىغا دەپنە قىلىش ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ چوڭ تىپتىكى راكېتانىڭ تۈرتكىسى بىلەن سۈنئىي ھەمراھنى قۇياش سىستېمىسىغىچە ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئەلۋەتتە، ئۇ يەرگە ئېلىپ چىقسا، ئالەم بوشلۇغى زاراھكالىقىغا دەپنە قىلىشنىڭ باھاسى تېخىمۇ ئۆرلىگۈسى. (8)

## ئالەمدىن ئۇچۇر



# ۋاقىتنى پايدىلىنىشتا

گەلۇ باي، ئەلۇ كەلۇ قوساق بولغان تەگرىمۇ ئىنسانلارغا ۋاقىتتەقسىم قىلىشتا ئىنتايىن بىخىللىق قىلغانمۇ نىمە، ئادەمنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بەكمۇ قىسقا ياراتقان. شۇڭا ئۇ ھەش - پەش دىگۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ سانسىز ئىرادىلىك كىشلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا. لېكىن ئاچچۇچلۇق مەسىلە خۇددى بىر مەشھۇر ئادەمنىڭ ئېيتقىنىدەك «ۋاقىتتىكى ھالقا ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقا، ئاز كۆپلىكىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتا». دەرۋەقە ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش ھەقىقەتەن بىر سەنئەت، ھەقىقىي ئەخمەقلەردىن ئۆزگە، بۇ سەنئەتنى ئىگەللەشنى خالىمايدىغان ئادەم يوق.

ۋاقىت كەسىپ دىمەكتۇر. ۋاقىتنى قەدىرلەش، قەدىرلىمەسلىك، ئۆز بۇرۇچىڭىزغا بولغان تونۇشىڭىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىز، ئاكتىپچانلىقىڭىز ۋە ئىنتىلىشچانلىقىڭىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىزنىڭ ھەقىقىي ئىرادىلىك ياكى ئىرادىلىكلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ھورۇن ئىكەنلىكىڭىزنى پەرقلەندۈرىدۇ. سىز «ۋاقىت كەسىپ دىمەكتۇر» دىگەن ئەقلىيە سۆزنى چوقۇم ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇشىڭىز، لېكىن ئۇنى يادلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقىڭىز لازىم. كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئويلىنىپ، ئۆز - ئۆزىڭىزدىن: ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزدۈممۇ؟ ھېچ قانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي يۈردۈممۇ؟ قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھېچنىمە قىلماي يۈردۈممۇ؟ ۋاقىت قېيىقىغا يۈشۈرۈنۈپ، خالىغانچە لەيلەپ ياكى ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈپ يۈردۈممۇ؟-دەپ سوراپ تۇرۇشىڭىز لازىم.

تۇرمۇش قانۇنىيەتلىك بولسا ۋاقىتمۇ قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. سىز چوقۇم خىيالىڭىز ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈۋېلىشىڭىز لازىم. قايسى ۋاقىتتا نىمە ئىش قىلىش، قايسى ئىشنى قانچىلىك مۇددەت ئىچىدە تاماملاش ھەققىدە كۆڭلىڭىزدە سان بولۇشى كېرەك. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پىلانىڭىز بىلەن ۋاقىت جەدۋىلىڭىز مۇكەممەل بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە، شۇڭا مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنۇمىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا تەھلىل قىلىپ يەكۈنلەپ، ئوبدان ئويلىنىپ تۈزىتىپ تۇرۇشىڭىز لازىم.

بەلگىلەنگەن توغرا ئىشلارنى تاماملاش. سىزدە ۋاقىت جەدۋىلى ۋە ئۆگىنىش پىلانى بولغاندىلا شاش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋالغان بولىسىز. لېكىن ئەخمەقلەرلا بۇنىڭ بىلەن ئىش تامام - دەپ قارايدۇ. پىلاندىكى ۋاقىت بولسا سىزنىڭ كونتروللىقىڭىزدىكى ۋاقىت، ئۆزىڭىز بەلگىلىگەن «توغرا ئىش» نى چوقۇم مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە تاماملىشىڭىز كېرەك.

قىسقىسى، ئەگەر ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتىكى سەنئەتنى ئىگەللىۋالسىڭىز، ھەركىمزمۇ ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ تەگرىنى بەك بېخىل، ئادىل ئەمەس دەپ ئەيىپلىمەيسىز. (5)

(سالىم خەسەنى تەرجىمىسى)



## ئۈمىدلىك مايسا

تېكەس ناھىيە 3- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىجات سوپىنى كىشىلەر «ئۈمىدلىك مايسا» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

نىجات سوپى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1- يىللىقىدىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئاساسىي پەنلەردىكى نەتىجىسى 99 دىن چۈشمىدى، ئۇ مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ باردى.

ئۇ تىل – ئەدەبىيات دەرسىگە ئالاھىدە قىزىقاتتى. شۇڭا 1982- يىلدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە جاپالىق ئىزلىنىپ بىر قىسىم شېئىر ۋە مەسەل يازدى، خەلق چۆچەكلىرىنى توپلىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىر، مەسەللىرى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «ئىلى گېزىتى»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلدى ۋە ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئۇنى «مۇنەۋۋەر تەشۋىقاتچى» دەپ تەقدىرلىدى. (4)



(ھۈسەن تۇردى)

## ئالقىش ساداسى ئىچىدە

بۇ يىل 3- ئاينىڭ 2- كۈنى ئېچىلغان ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 17–18 ياشلاردىكى بىر ئوقۇغۇچى بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپ 1- دەرىجىلىك مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭراپ كەتتى. مانا بۇ – ئاۋات ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئەخمەت روزى ئىدى.

ئۇ ئون يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن نامنى بىرەر قېتىممۇ قولدىن بەرمەي، مەكتەپ، ۋىلايەت تەرىپىدىن 20 قېتىمدىن ئارتۇق مۇكاپاتلاندى، شەرەپ بىلەن ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى.

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم – پەنگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئەخمەت روزى 1985- يىلى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئايغا يېقىن جاپالىق ئىشلەش ۋە قايتا – قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق بىر دانە ئېلېكترونلۇق چاقپىلەك مودېلى ياساپ چىقتى. بۇ مودېل شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ يىل مەملىكەتلىك كۆرگەزمىگە تاللاندى. (4)

(نۇر مەھەممەت توختىنىياز)



# ئۇنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

زاۋۇتىمىزدا پارتىيىگە كىرگەن بىر نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا ئىتتىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ئىتتىپاق ياچېيكىمىزدا مۇزاكىرە قىلىنغان ۋاقىتتا پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدۇق.

يولداش مۇھەررىر كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان ياشلارنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولامدۇ؟

قارامايدىن، ياقۇپ

يولداش ياقۇپ، سىز خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىمىز:

ئىتتىپاق ئەزالىرى پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىتتىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرا كەلسە، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىمىغانلىقتىن كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىق سالاھىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ھاجەتسىز. ئاۋۋالقىدەك ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغان بولسا خاتالىق ئەھۋالى، خاراكتېرى ۋە شۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئاساسەن ئىتتىپاق ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى (ئىتتىپاقتىن قوغلاپ چىقىرىش چىقارماسلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاقىتتا تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

مۇھەررىر

# ئىستىقبالىم «ئارقا تېرىكىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

بۇ قېتىم بەش نەپەر ياش ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندۇق. تۆت نەپىرى ياخشى ئىشقا تەقسىم قىلىندى. مېنى پار قازانغا ئوت قالاشقا تەقسىم قىلدى. ئەسلىدە مېنىڭدىن باشقا تۆت نەپىرى «باشلىق»، «ئەمەلدار»لارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەن. مەن بولسام ئاددىي ئىشچىنىڭ ئەۋلادى. «باشلىق»، «ئەمەلدار» دىن «ئارقا تېرەك» لىرىم يوقلۇقىدىن، ئۆزەمنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىمدىن گۇمانلانماقتىمەن.

يولداش مۇھەررىر: مېنىڭ ئىستىقبالىم «ئارقا تېرىكىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

ئۈرۈمچىدىن: يالقۇن

يولداش يالقۇن:

نۆۋەتتە كادىرلار ئارىسىدا ئۆز ئەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنى خەلق مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئارقا ئىشىكتىن ماڭىدىغان ناچار ئىستىللار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. لېكىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا بۇنداق ناچار ئىستىل تۈزىتىلمەكتە.

«باشلىق»، «ئەمەلدار»لار نىڭ پەرزەنتلىرى ياخشى ئىشقا ئورۇنلاشتى. مېنىڭ «ئارقا تېرىكىم» بولمىغاچقا، پار قازانغا ئوت قالاشقا

ئورۇنلاشتىم دەپ ھەرگىز مەيۈسلەنمەڭ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدىمۇ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان كەسپىدىن ياخشىراق دەپ قارىغان خىزمەتنى قىلىۋاتقانلارمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، تۆھپە ياراتمايدىكەن، ئۆز كەسپىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سىز پارقازانغا ئوت قالاشنى ھەرگىز پاسكىنچىلىق دەپ قارىماستىن بەلكى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاش شەرەپلىك خىزمەت دەپ تونۇپ ئىشلىسىڭىز يەنىلا ئىستىقبالىڭىز پارلاق بولىدۇ.(6)

## مېنىڭ خاتالىقىم زادى نەدە؟

يولداش مۇھەررىر:

مەن بىر ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرى بولغاچقا، يېزا ياشلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ بىر قەدەر ئاددىيلىقىنى كۆرۈپ ئۆزەم پۇل چىقىم قىلىپ، بىر ئۈن ئالغۇ، بىر رەسىم ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ ھەر قېتىم يېزىلارغا بارغاندا بىللە ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدىم. بىراق بۇ قىلغىنىم بەزى رەھبەرلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇپ، مېنى بەك ئوچى بولۇپ كېتىپسەن. يېزىغا چۈشكەندىمۇ بىر نېمىلەرنى ئېلىپ بارامسەن دەپ، ھېچقانداق سەۋەبسىزلا پۈتۈن بىر يىللىق مۇكاپات پۇلۇمنى تۇتۇۋالدى. يولداش مۇھەررىر: مېنىڭ خاتالىقىم زادى نەدە؟

ئاقسۇدىن شاۋكەت

يولداش شاۋكەت:

يېزا ياشلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ مول، خىلمۇ-خىل بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىڭىز پۇل چىقىرىپ ئۈن ئالغۇ، رەسىم ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ ئىشلەتكەنلىكىڭىز ناھايىتى ياخشى، بۇ خىل روھ ماختاشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى رەھبەرلەرنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن مۇكاپات پۇلىڭىزنى تۇتۇۋالغانلىقىغا كەلسەك، چوقۇم مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن، بىرسى بۇ رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشى يېتەرسىز بولۇپ، ئۇلار يەنىلا كونا كۆز قارىشى بىلەن بۈگۈنكى ياش كادىرلارغا مۇئامىلە قىلىپ، يېزىغا چۈشسە كونا كىيىم، كونا دوپپىنى كىيىش، يۈرۈش تۇرۇشتا ئاددىي بولۇش كېرەك، بۇنداق بولمايدىكەن ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ دەپ قارىغان. بىرسى: سىزنىڭ ئۈن ئالغۇ، رەسىم ئاپپاراتىنى يېزىغا بارغاندا بىللە ئېلىپ بارغانلىقىڭىز تەبىئىي ھالدا يۇقىرى تۆۋەننىڭ ھەممىسىگە غەلىتە تۇيۇلغان. شۇڭا سىز ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن رەھبەرلىككە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈڭ، مېنىڭ ئويلىشىمچە پاكىت ئالدىدا بۇ رەھبەرلەر بارا-بارا كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ.

يەنە بىر سەۋەبنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۈستىدىن ئىزدەڭ، كونكرېتنى ئىشلەش ئۇسۇلىدا ئەتراپلىق ئويلانمىغان يەرلىرىڭىز بارمۇ-يوق؟ ھەرىكىتىڭىز بىلەن خىزمەت ئۈنۈمى بىرلىككە كەلگەنمۇ-يوق؟ ئەگەر يولداشلارنىڭ ھەممىسى جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقان بولسا، سىز ئۇنىڭ ئەكسىچە مۈزىكا ئاڭلىغان بولسىڭىز، كۆپچىلىكنىڭ ئەكسىچە ھېسسىياتىنى قوزغاپ قويىسىز. ئومۇمەن ئۈن ئالغۇ، رەسىم ئاپپاراتىنى ئېلىۋېلىپ يېزىلارغا بېرىش ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس، پەقەت ۋاقىت، ئورۇن، مەيدان ئوبيېكتى ۋە ئۈنۈمىنى ئويلىشىش كېرەك. سىزنىڭ چۈشكۈنلەشمەي كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ داۋاملىق ياشلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.(9)

— مۇھەررىر



# «ئىلاھىي دوختۇر» ئوت ئەجدىھا غارى

غۇلجا شەھىرىگە ساياھەتكە بارغان كىشىلەر بايانداي‌دىكى ئاجايىپ غەلىتە ئوت ئەجدىھا غارىنى «ئىلاھىي دوختۇر» دەپ تەرىپلەشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ غار ئۆزىنىڭ مۆجىزىسى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگىچە تونۇلۇپ داڭلىق تەبىئىي داۋالىنىش ئورنى بولۇپ قالدى.

باياندايى ئوت ئەجدىھا غارى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 19 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە ئېقىپ كىرىدىغان دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى، شىمالىدا قاتمۇ-قات تاغ تىزمىلىرى بار. بۇ ئوت ئەجدىھا غارى مۇشۇ تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ بۇ يەرگە يېقىن جايلاردىكى تاشلار، تاغلارنىڭ تۇپرىقىنىڭ رەڭگى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئوت يالقۇنىدەك قىپ-قىزىل تۈس ئالغان. بۇ تاغلاردا يىل بويى ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، تومۇز ۋاقىتلىرى قايناپ كېتىدۇ. ئوت ئەجدىھا غارىنىڭ ئەتراپىغا ئايرىم-ئايرىم يەنە نەچچە ئون كىچىك غارلار ئورۇنلاشقان، غار ئىچىدىن گۈڭگۈرتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. غار ئاغزىدىكى قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە سېلسىيە 60-70 گرادۇس ئەتراپىدا، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 85 گرادۇسقىچە بولىدۇ. ياز كۈنلىرى قۇمدا تاماق ئىسسىتقىلى، غار ئاغزىدىكى تاش ئۈستىدە نان پىشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىسسىق قۇم بىلەن غار ئاغزىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسىدا رېماتىزىم، يۇقىرى قان بېسىمى، تېرە كېسەللىكى، مېڭىگە قان چۈشۈش، بەل ئاغرىش، پۇت تېلىش، سىرتقى جەھەتتىن يارىلىنىش قاتارلىق ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالىغىلى، قۇمغا كۆمۈلۈش بىلەن تېرە كېسەللىكى، رېماتىزىم كېسىلىنى ساقايتقىلى بولىدۇ. غار ئاغزىدا كېسەلنىڭ ئاغرىغان يېرىنى قىلىش ئارقىلىقمۇ يۈرەك، مېڭىگە قان چۈشۈشنى داۋالىغىلى بولىدۇ. كېسىلى يېڭى باشلانغانلار بىر نەچچە قېتىمدىلا ئۈنۈمىنى كۆرەلەيدۇ.

بۇ ئوت ئەجدىھا غارىنىڭ ئىلاھىي قولى بىلەن نۇرغۇنلىغان كېسەللەر ساقايغاندىن كېيىن بۇ خەۋەر يىراق-يېقىنغا تارىلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن باشقا بېيجىڭ، شاڭخەي، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىمارلار كېلىپ داۋالىنىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ئىلگىرى، كېيىن بولۇپ 30 نەچچە تۈمەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ ئوت ئەجدىھا غارىغا ساناتورىيە، ئاشخانا، مېھمانخانا سېلىپ رەھبەرلىك ۋە مەخسۇس خىزمەتچى خادىملارنى تەيىنلەپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋالماقتا. (9)

## زىياپەت سورۇنلىرىدا . . .

قانداق قىلغاندا زىياپەتلەردە ئەدەپ-قائىدىلىك بولغىلى بولىدۇ؟

1. كىيىم-كېچەك رەتلىك، كۆركەم، چاچ-ساقاللار پاكىزە ئېلىنغان بولۇشى كېرەك.

2. ۋاقتىدا قاتنىشىش كېرەك، ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ قاتنىشالمايدىغان ياكى ۋاقتىدا قاتنىشالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ساھىبخاندىن ئەپۇ سوراش لازىم.

3. ئەگەر توي مەرىكىسى ياكى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مۇراسىملىرى بولسا، ساھىبخانىنى تەبرىكلەش كېرەك.

4. بىر نەرسە يېگەندە سۆزلىمەسلىك ۋە قاتتىق كۈلمەسلىك، چۈشكۈرگەندە، يۆتەلگەندە ياكى تۈكۈرگەندە داستىخاندىن ئايرىلىش ياكى يانغا قارىۋېلىش كېرەك. (5)




ئۆمەر قادىر، غالىپ راخمان

مول تۇرمۇش بىلىمىگە، توغرا ئىجادىيەت ئىستىلىغا ئىگە ياش سېنارىيە يازغۇچىسى مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ «نۇرنىسا» ناملىق سېنارىيەلەر توپلىمى ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىنوچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوشقان بىر تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلامغا «نۇرنىسا»، «رەنانىڭ تويى»، «قېرىنداشلار»، «ئەۋلادلار ئۈچۈن»، «گۈلنارنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق بەش سېنارىيە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سېنارىيەلەردە كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك باش تېما قىلىنغان. بۇ سېنارىيەلەرنىڭ بەزىلىرى سۈرەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس بەلكى خەلقئارادىمۇ يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بۇ توپلامدىكى «رەنانىڭ تويى» ناملىق سېنارىيە 80 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۇھەببەت كۆز قارىشى ۋە ئەخلاق ئىدىيىسى ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. سېنارىيىدە رەنا، ياسىن، شۆھرەت، سودىيە، قادىر، ئايشەم قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان روھىي دۇنياسى چوڭقۇر قېزىلغان، بۇ ئوبرازلار ئادەمنى قانداق ياشاش، مۇھەببەتكە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ. بۇ سېنارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئۇسلۇپ جەھەتتىن يېڭى، مەزمۇنى چوڭقۇر، پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئاممىباب‌لىققا ۋە يۇمۇرلۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ سېنارىيىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ساپ مۇھەببەتكە ئىنتىلىش روھى بىلەن چاكىنا مۇھەببەتتىن قول ئۈزەلمەسلىكتەك ئىككى خىل ئىدىيە سېلىشتۇرما قىلىنغان. ھەمدە ياشلارنىڭ مۇھەببەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقۇچى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر قاتتىق قامچىلانغان. جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلغان «نۇرنىسا» فىلىمىنىڭ سېنارىيىسى سۈرەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، جۇڭگو كىنو شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ فىلىم شىنجاڭ كىنوچىلىقىدا تۇنجى قېتىم تۇرمۇشنى ھەقىقىي تەسىرلىك ئىپادىلىگەن دەپ ئالقىشلىغان ۋە ئۇنى چەت ئەللەرگە چىقارغان. بۇ فىلىمنى كۆرگەن كىشىلەر ۋە ئاياللارنىڭ كۆز يېشى قىلمىغانلىرى يوق دېيەرلىك. بىز بۇنىڭدىن «نۇرنىسا» ناملىق سېنارىيىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە شۇنچىلىك ئىنكاس قوزغىشى ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەس. «نۇرنىسا» فىلىمىدە ئەخلاقنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئورنى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ سېنارىيىدە ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن جان تالىشىپ ئارام - ئارام ياش تۆكۈۋاتقان بىچارە ئانىنى، ئۆز ھوقۇقى بەدىلىگە نۇرغۇن ئاياللارنى ئاياق ئاستى قىلىپ، نۇرغۇن جىنايەتلەرنى پەيدا قىلغان ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقنىمۇ ئۇچرىتىمىز، ھەمدە ئىنسانپەرۋەرلىكنى سۆيگۈچى بىر گۈزەل ئائىلىنىڭ ساپ تۇرمۇش ھاۋاسىنى بايقايمىز، سېنارىيىدە ئاقكۆڭۈل، پاك، يېزا ئايالى نۇرنىسانىڭ سابىر تەربىيەدىن دەپسەندە قىلىنىپ ۋە ھاقارەتكە ئۇچراپ، قەلبى ئازار يېگەندىن



كېيىن، سەرسان سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈ-رۈشى بىلەن ۋىجدانسىز سابىرنىڭ ئائىلىسى ئۆز نەپسىنىڭ قۇربانى قىلىپ كۆرەڭلەپ شالاقلىق قىلىشى سىيلىشتۇرما قىلىنىش ئارقىلىق ئىككى خىل قەلب، ئىككى خىل روھىي دۇنياسى چوڭقۇر قېزىلغان.

ئاپتورنىڭ «قېرىنداشلار» ناملىق سىنارىيەسى سۈرەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن، 1985 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىش-كەن. بۇ سىنارىيەدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باش تېما قىلىنغان بولۇپ ئىككى ئائىلە، ئىككى مىللەتنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى مەدھىيىلەنگەن.

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «گۈلنارنىڭ تەقدىرى» ناملىق سىنارىيە يېزا تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ سىنارىيەدە بىر ئائىلىنىڭ خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىدە يەنگە ئىشەن-مەي ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغانلىقى بايان قىلىنغان. سىنارىيەدە گۈلنار بىلەن زۇنۇننىڭ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى بىلەن رىۋايەتتىن ئىبارەت كونا دەۋرنىڭ كېسە-لىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بىر نادان ئائىلى-نىڭ روھىي دۇنياسى ئوبرازىغا قىلىنغان. سىنارىيەنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆزىدىن ئىختىيا-رىسىز ياش ئاقىدۇ. بۇ سىنارىيە خەنزۇ تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ كىتابخانىلار ئىچىدىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ ماھارىتى تېمىسىغا بېغىش-لانغان سىنارىيەسى «ئەۋلادلار ئۈچۈن»دە ياشلىق ماھارىتى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلاۋاتقان ياش مۇئەللىمە باھارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

دېمەك «نۇرنىسا» ناملىق بۇ سىنارىيەلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ياكى بەدىئىي جەھەتتىن بولسۇن، يازغۇچىنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مول مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى ياش سىنارىست ۋە رېژىسسور مەتتىمىن ھەزرەت كىنوچىلىقنى دۇنياغا يۈزلەن-دۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بىز ئۇنىڭ مۇندىن كېيىنكى قايناپ تۇرغان ئىجادىيىتىدىكە ۋە يېڭىدىن باشلانغان رېژىسسورلۇق ھاياتىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز. (9)

## غايە توغرىسىدا

بىز ھاياتىمىزنى بەھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكى-مىز، «مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى قىلىپ بولدۇم» دېيەلىشىمىز كېرەك. كىشىلەر بىزدىن مۇشۇنىلا تەلەپ قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق قىلالىساقلا، ئاندىن ئۆزىمىزنى ئازراق خۇشال ھېس قىلالايدىغان بولىمىز.

— كيۇرى

ئەگەر مەن بەزىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئازدۇر - كۆپتۇر ئىلھام بېرەلىگەن بولسام، خىزمەتلىرىمىز ئىنسانىيەتنىڭ ھايىسىيى دائىرىسىنى ئازدۇر - كۆپتۇر كېڭەيتەلىگەن بولسا، بۇ دۇنياغا بىر مىننەتلىك خۇشاللىق قوشۇلغان بولاتتى. مەنمۇ قانائەت تاپقان بولاتتىم.

— ئېينىشتېين

ئەگەر سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلىدىكەنسەن، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇتۇشۇڭ، تەجرىبىنى مەسلىھەتچى، ئېھتىياتنى قېرىنداش، ئۈمىدنى قاراۋۇل قىلىشىڭ كېرەك.

— ئېدىسون

كىشى كىتابنىڭ قۇلى بولۇپ قالسا، ئۇ، ئادەمنى ئۆلۈمگە باشلايدۇ.... كىتابنى ئادەمگە قورال قىلغاندا، كىتابتىكى بىلىم تىرىلىدۇ، ھاياتىي كۈچكە ئايلىنىدۇ.

— خۇالوكېن

## ئاز ئۇخلاشنىڭ زىيىنى يوق

نۇرغۇن ئادەملەر ھەممىشە ئۇيقۇ جىسمانىي كۈچ ۋە زېھنى كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق ئالىملار ئۇيقىغا نىسبەتەن كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئادەم ئۇخلىغان ۋاقىتتا بەدەندە ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى بايقىغان. ئۇخلىغان ۋاقىتتا مېڭىدە ياكى قاندا يېڭى نەرسىلەرمۇ ھاسىل بولمىغان، يەنە كونا نەرسىلەرنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن. ئىنسانلارنىڭ ئۇيقىسى، قەدىمدىن تارتىپ تەرەققىي قىلىپ، مۇھىتقا موۋاپىقلىشىشقا ئادەتلەنگەن، ئەگەر يەر شارىدا كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالمىشىشى بولمايدىغان بولسا ئىنسانلار بۈگۈنكىدەك ئۇيقىغا ئېھتىياجى چۈشمىگەن بولاتتى. (9)

(ئېزىز ساقى تەرجىمىسى)

## ئارام ئېلىش ئىلمى

بىر ئالىم بىرىنچى قەدەمدە ئوڭ قولىدا ئېغىر نەرسىنى قايتا-قايتا كۆتۈرۈپ، چارچىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان، ئاندىن كېيىن، تولۇق ئارام ئالغان. ئىككىنچى قەدەمدە، ئىشلارنى سول قولىدا بېجىرىپ، ئوڭ قولىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: بىر خىل ئىشنى قىلىشنى توختىتىپ تۇرۇپ، يەنە بىر خىل ئىشنى قىلىش خىزمەت ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى. ئوخشاش بولمىغان خىزمەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىسە، ياكى خىزمەت بىلەن تەنھەرىكەتنى بىرلەشتۈرسە زېھنى كۈچىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالغىلى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. (9)

## مۇزىكا ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سالامەتلىكى

ئۆسمۈرلەر غەلىتە ئاۋازلىق مۇزىكىلارنى دائىم ئاڭلاۋەرسە نېرۋا سەزگۈرلىكى ئېشىپ، ئاڭلاش قابىلىيىتى ئاجىزلىشىپ قالماستىن، بەلكى باش ئاغرىش، شەپكورلۇق، قولاق ئاغرىش، چېچىلىش، غەلۋىنەرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئائىلىدە دىسكو ۋە «تاش دومىلىغان»دەك مۇزىكىلارنى ئاڭلىسا ئىككى ياشتىن كىچىك بوۋاقنىڭ تىل چىقىرىشى ئاستا، ھەۋىسى ئاجىز، كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىشى تېز بولىدۇ. كىچىكىدىن باشلاپ رىتىمى كۈچلۈك، غەلىتە ئاۋازلىق مۇزىكىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار، ياكى ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان ئاۋازىنىڭ دەخلىسىگە كۆپ ئۇچرىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئوخشاش ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىدىن ناھايىتى كۆپ تۆۋەن بولىدۇ. (9)

## دۆلىتىمىزدە قانچە خىل يېزىق بار

دۆلىتىمىز يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، 56 مىللەت ياشايدۇ. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان 85 خىل تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. خەنزۇلارنىڭ يېزىقىدىن باشقا 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىچىدە 20 مىللەتنىڭ ئايرىم يېزىقى بار. ئۇلارنى شۇ مىللەتنىڭ نوپۇس سانى بويىچە تىزغاندا، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، چاۋشيەنزۇ، شىبە، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، دەيزۇ، يىزۇ، جىڭغو، لاخۇ، ناشى، لىسۇ، مياۋزۇ، ۋازۇ، ئورۇس، جۇاڭزۇلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە دەيزۇ، مياۋزۇ، موڭغۇل، ناشى مىللەتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككىدىن ئارتۇق يېزىق قوللىنىدۇ. شۇڭا ھەممىنى قوشقاندا دۆلىتىمىزدە ئەمەلىي ئىشلىتىلىۋاتقان يېزىق 27 خىلدىن ئىبارەت. (9)

## گۈلگۈنچەك بالىلار...

ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەگەر بوۋاق بالىلار دائىم كۆلۈپ تۇرىدىغان بولسا ئۇنداقتا بۇ بوۋاق ناھايىتى ئەقىللىق بىر بالا بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېت بوۋاقنىڭ ئەقلى ۋە ئالاھىدە شەيئىلەرگە كۆلكە قوزغىلىشىدىكى يېشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغاندىن كېيىن كۆرسىتىلىشىچە، ئەقىللىق ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدە شەيئىلەرگە كۈلكە قوزغاش يېشى، ئادەتتىكى ئۆسمۈرلەرگە سېلىشتۇرغاندا بالدۇر ھەم قېتىم سانى كۆپ ئىكەن. ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا ئالتە ئايلىق بالا بەدەن سىزىمى ئېرىشكەن نەرسىلەرگە كۈلىدۇ. ئالتە ئايدىن ئارتىپ بىر ياش ئارىلىقىدا، بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان شەيئىلەر ۋە كۆزىتىش نىشانىغا كۈلىدۇ. (9)

## تېلېۋىزوردىكى چاڭ توزاڭ...

كىشىلەر تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن، تېلېۋىزورغا بولۇپمۇ رەڭلىك تېلېۋىزورغا چاڭ ـ توزاڭ قونۇۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ.

تېلېۋىزور كۆرگەندە، ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە، ئادەمنىڭ يۈزىگە ئاسانلا يارا چىقىدۇ. شۇڭا تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى داۋاملىق تازىلاپ تۇرۇش، سۈرتكەندە يۇمشاق تىۋىتلىق يىپەك رەختلەرنى ياكى دورا پاختىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر چاڭ ـ توزان ئاسان چىقمايدىغان دەرىجىدە ئورناپ كەتكەن بولسا سۈرتكۈچىنى ھۆل قىلىپ سۈرتسىمۇ بولىدۇ، ئىچكى قىسمىدىكى چاڭ توزاننى چاڭ توزان سۈمۈرگۈچ ئەسۋاب بىلەن تازىلاش ياكى ناسوس بىلەن تازىلاش كېرەك. (9)

## كەيپىيات ئىشىمىزدىكى تومالغۇ

ئامېرىكىنىڭ پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە: ئادەم پۈتۈنلەي يەككىل بولغاندا، ئازراقمۇ جىددىيلەشمىگەندە، مۇرەككەپ خىياللار بولمىغاندا، ئەگەر ئادەم مۇشۇ خىل ھالەتتە خىزمەت قىلسا، ئۇ ئۆز مۆلچەرىدەك شەخسىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدىكەن. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان جىددىي كەيپىياتنى تارقىتىدىغان ئۇسۇللار، كىشىلەر بىلەن ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، بەزى ئىشلارغا ئارىلىشىش، سۆھبەتلەرگە قاتنىشىش، باشقىلارغا تېلېفون بېرىش، ئادەملەرگە زەڭ قويۇپ، قىياپىتى ئارقىلىق ئادەملەرنى چۈشىنىش قاتارلىقلار. كىشىلەر ئەگەر ـ بېرىش كېلىشتە كەيپىياتنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمىسا باشقىلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىكەن. (9)

## «ئۇچقۇن پىلانى»

«ئۇچقۇن پىلانى» — يېقىندا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان پىلان. نىشانى مۇنۇلار: (1) يېزىلار، يېزا ـ بازار كارخانىلارغا ئىشلىتىشكە ئەپلىك 100 خىل پۈتۈن يۈرۈشلۈك تېخنىكا ئۈسكۈنىسى بېرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى زور مىقداردا ئۇيۇشتۇرۇش؛ (2) تېخنىكىلىق ئۈلگە كۆرسىتەلەيدىغان يېزا ـ بازار كارخانىسىدىن 500 نى قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى پۈتۈن يۈرۈشلۈك ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەش، باشقۇرۇشنى، مەھسۇلات لايىھىسى ۋە سۈپەتنى كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش؛ (3) يېزا ـ بازار ئۈچۈن 1 مىليون يېزا زىيالى ياشلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىش. (9)




ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ پايتەختى. شەھەرنىڭ ۋاشىنگتون دېگەن نامى 1790-يىلى ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى زۇڭتوڭى ۋاشىنگتوننىڭ زۇڭتوڭلۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قويۇلغان. 1814-يىلى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇ شەھەر ئىشغال قىلىنىپ، ئۇرۇش جەريانىدا پالاتا بىناسى ئاق ساراي ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئىدى. كېيىن قايتىدىن ياسالدى. 20-ئەسىردىن بۇيان شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆلىمى 3885 كۋادرات كىلومېترغا يەتكۈزۈلدى.

ۋاشىنگتوننى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي-مائارىپ مەركىزى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى (دۆلەت بىناسى)، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئورگىنى (ئاق ساراي) گوۋۇيۈەن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى (بەش بۇرجەكلىك ساراي)، مۇھىم پەن-مەدەنىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئىنستىتۇتلىرى، دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى، گۈزەل سەنئەت سارىيى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەھەردە تەسىس قىلىنغان.

ئامېرىكىنىڭ دۆلەتلىك يىغىن ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن ۋاشىنگتون ئاق رەڭلىك قۇم تاش بىلەن مەرمەر تاشتا ياسالغان قۇرۇلۇشتۇر. ئۇنىڭ ئۈگزىسىدە ئالتە مېتىر كېلىدىغان ھۆررىيەت ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىنانىڭ ئىچىگە گۈزەللىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىنانىڭ ئەتراپىدا ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شەرق تەرىپىدىكى يىغىن ئۆتكۈزىدىغان پارلامېنت زالى كىرىتسىيە بۇتخانىسىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشتا ياسالغان، يېنىدىكى دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى موسكۋا دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىن قالسا دۇنيادىكى يەنە بىر چوڭ كۇتۇپخانا ھېسابلىنىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر ئاق ساراي دۆلەت مەجلىسى بىناسىنىڭ شىمالىدىكى مەنزىرىلىك رايونغا ئورۇنلاشقان، ئۇنىڭ شىمالىي رافىيات مەيدانى، جەنۇب تەرىپى ئايلىپۇس باغچىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا 1792-يىلى ھۇل سېلىنغان بولۇپ، ۋاشىنگتوندىن باشقا تارىختىكى زۇڭتۇڭلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە مۇشۇ يەردە تۇرغان. ئاق سارايى ئاق رەڭلىك قۇم تاش بىلەن ياسالغان بولۇپ، ھازىر كېڭەيتىلدى. جەمئىي 132 ئۆي بار.

ۋاشىنگتون يەنە ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزىدۇر. ئامېرىكىنىڭ بىر نەچچە مەشھۇر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىدۇر. ۋاشىنگتوندا يەنە ھەيۋەتلىك ئاممىۋى كۇتۇپخانا سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى، مارتىن لودي پۈتۈن مەملىكەتلىك كۇتۇپخانا قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاشىنگتوندىكى مۇزېي گۈزەل سەنئەت سارايلىرى دۇنيادا ناھايىتى مەشھۇردۇر.

ۋاشىنگتوندا ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان مۇزېيلار، گۈزەل سەنئەت سارايلىرى بولۇپلا قالماستىن يەنە كۆپلىگەن خاتىرە مۇنارلىرى، خاتىرە سارايلىرى بار. ماسسا چۇسېتتى كوچىسىدىن غەربىي شىمال ئەلچىخانىسىگىچە سوزۇلغان كوچىلارغا گۈزەل كۇنسۇلخانا، ئەلچىخانىلار ئورۇنلاشقان، لوك كرېك باغچىسىنىڭ غەربىدىكى جورجتا ئون شەھەر رايونى ئەڭ قەدىمىي رايونلاردۇر. ئۇ يەردىكى 200 يىلنىڭ ئالدىدىكى باغچىلار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغدالماقتا. (6)



## قىزلار كاستيۇم كىيگەندە...

قىزلار كاستيۇم كىيگەندە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم.

1. بەدىنىگە مۇۋاپىق بولۇشى، ھەددىدىن زىيادە كەڭ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

2. يۇمشاق، كۆركەم، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ساپ يۇڭ ياكى خىمىيۋى تالالىق رەختلەرنى تاللاپ كىيىشى لازىم. رەڭگى ئوخشىمايدىغان رەختلەردىن بىر يۈرۈش كىيىم كىيسىمۇ بولىدۇ.

3. پىكورى، تېرىسى، مىجەزى، كەسپى قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردە تۇتۇشى لازىم. سېمىزلەر ئادەتتىكى پاسوندا كىيىشى، رەڭگى قارامتۇلراق بولۇشى كېرەك. تېرىسى قارامتۇل كەلگەنلەر كۆك، يېشىل، قارا رەڭدىكى كاستيۇملارنى كىيمەسلىكى كېرەك.

4. كىيىم بىلەن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ماسلىشىشىغا دىققەت قىلىش لازىم. ياقىسى گۈللۈك ياكى لېپىنتىسى بار رەڭلىك كۆينەكلەرنى تاللىغاندا، ئۆرە ياقىلىق پۇفايكا كىيگەندە ياقا گۈلى تاقىسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، دوپپىسى ۋە سومكىسىنىڭ رەڭگىنىمۇ كاستيۇمنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. چاچ شەكلىمۇ چىرايلىق، كۆركەم بولۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا، ئادەم بىلەن كىيىم ئۆز ئارا بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، گۈزەللىكنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. (5)

ئالىم خەسەنى تەرجىمىسى

## ئۈنىڭغا ئالدىرىماڭ

كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىدۇ. بىز بەلكىم بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ تەنسالامەتلىكىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانىمىز. سەككىز سائەت ئەتراپىدىكى ئۇيقا جەريانىدا ئادەم بەدىنىنىڭ تېرىسى كۆپ مىقداردىكى سۇ پارلىرىنى چىقىرىدۇ. يوتقان - كۆرپىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە نەملىشىپ قالىدۇ. ئادەم نەپەسلىنىش ۋە پۈتۈن بەدەنگە تارقالغان تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق كۆپ خىل گاز جىسىم ۋە تەر چىقىرىدۇ. چەتئەلدىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئادەم نەپەسلىنىش يولى ئارقىلىق چىقارغان خىمىيىلىك ماددىلار 149 خىل، تەردىن پارغا ئايلانغان خىمىيىلىك ماددىلار 151 خىل بولىدىكەن. ئەگەر ئورۇن - كۆرپىلەر قوبۇل قىلىۋالغان ۋە شۈمۈرۈۋالغان نەملىك ۋە گاز جىسىملار تارقىلىپ چىقىپ كەتمەستىنلا يىغىۋېتىلگەندە، ئورۇن - كۆرپىلەر قوبۇل قىلىۋالغان نەملىك ۋە خىمىيىلىك ماددىلاردىن پەيدا بولغان بۇلغىنىش — كىشىلەرنىڭ تەنسالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

بۇنداق بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپلا يوتقاننى ئۆرۈپ قويۇش ۋە ئىشىك - دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئورۇن - كۆرپىلەردىكى نەملىك ۋە گاز جىسىملار تەبىئىي ھالدا تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يوتقان - كۆرپىنى يىغىش كېرەك. (5)

(ئابلەت مەھەممەد رەتلىگەن)




ئۇچار تەخسە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇنىڭدىن نەچچە يىللار مۇقەددەم دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەن ئاتلانتىيە قۇرۇقلۇقىنى نامەلۇم ئۇچار جىسىملارنىڭ بازىسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇن 580- يىلى ئافىنالىق سولۇن دېگەن مۆتىۋەر ئارام ئېلىش مەقسىتىدە مىسىرنىڭ سائىس دېگەن يېرىگە بارغان. بۇ جاي ئۆز زامانىسىدا ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار جەم بولغان يەر ئىدى. سالون شۇ يەردە شىبراي، دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي باشلىقى شىس بىلەن ئۇچراشقان. شىس ئۇنىڭغا ئۆزى ساقلاپ كەلگەن مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈشتىن تاشقىرى يەنە قىزىقارلىق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەرگەن. سالون بۇ رىۋايەتنى نەۋرىسى دىرادىدىقا ئېيتىپ بەرگەن، كېيىن بۇ ھېكايە تارقىلىۋېرىپ پىلاتونىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەن، پىلاتون ئۆزىنىڭ ئىككى كىتابى ئارقىلىق ئاتلانتىدە توغرىسىدىكى رىۋايەتنى بىزگىمۇ يەتكۈزدى.

مىلادىدىن 9600 يىل مۇقەددەم، ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شەرق تەرىپىدىكى جەبىلتارىق بوغىزىنىڭ قارشىسىدا ئاتلانتىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارال دۆلىتى بولغان. كۆلىمى شىمالىي ئافرىقا بىلەن كىچىك ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنىي بىرلەشمە كۆلىمىدىنمۇ چوڭ ئىدى. بۇ ئارالدا سىرلىق ئاتلانتىيە ئادەملىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيە، سىزىشلىرى ۋە سۇغىرىش، مېتال تاۋلاش قاتارلىقلاردىن خەۋىرى بار ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى تاغقا ئۇتاش بىر تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 540 كىلومېتر، كەڭلىكى 360 كىلومېتر كېلەتتى. ئەتراپى 300 مېتر كەڭلىكتىكى، 50 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى قانال بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ قانال ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشاتتى. بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ بايلىق مەنبەسى مول ئىدى. ئات، كالىغا ئوخشاش ئائىلە ھايۋانلىرىمۇ بېقىلاتتى.

ئاتلانتىيىلىكلەر بىر قانچە 1000 يىل ئارامخۇدا ياشاپ كەلدى. كېيىن ھەربىيلەر ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مىللەتلەرنى قۇل قىلماق بولدى. ئۇلار كېيىنچە 75 تۈمەنلىك قوشۇن ۋە ئۇرۇش ھارۋىسىنى ئىشقا سېلىپ جەنۇبىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئافرىقىنى (يۇنان بىلەن مىسىردىن تاشقىرى) ھېچ كۈچ سەرىپ قىلمايلا بېسىۋالالىدى. ئۇلار يۇنانغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغان يۇنانلىقلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالدى. يۇنانلىقلار ئارقىدىنلا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونىدىكى مىللەتلەرنى ئازاد قىلىپ، ئاتلانتىيە قوشۇنلىرىنى ئاتلانتىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختىگىچە سۈرۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ قايتا قوزغالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

شۇ ئارىدا قاتتىق يەر تەۋرەش ۋە دېڭىزنىڭ كۆپچىشىنى ھېچكىممۇ تۇيماي قالدى. بۇ ۋەقەلەر بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئاتلانتىيە دۆلىتىنى ھالاك قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىمۇ، مەدەنىيىتىنىمۇ ھالاك قىلدى. بۇ ئاپەت ئاتلانتىيە

مۆجىزاتلار دۇنياسى

سىيە دېڭىز ئاستى تەۋەككۇلچىسى دېمىترىيېنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. بۇ تەۋەككۇلچى دەرھال ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باھاما ھاۋا بوشلۇقىغا بارغان ۋە كېيىن سۇ ئاستىغا چۆكۈپ 400 مېتر چوڭقۇرلۇقتىن ناھايىتى زور بىر تۆت بۇرجەك نامەلۇم جىسىمنى تاپقان. دېمىترى شۇ ھامان مەلۇم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مانسون پروفېسسور بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭغا بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇپ چىقىپ باھاما ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش تەكلىپىنى بەرگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلغان تەكشۈرۈش ئەترىتى 1968 - يىلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەرگە يېتىپ كېلىپ، باھاما ئاراللىرى ئەتراپىدىكى دېڭىز تەگتىگە چۆكۈپ، ئۇ يەردىن ئىنتايىن قەدىمقى بولغان بىر كونا ئىبادەتخانىنىڭ ئىزىنى تاپقان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتر، كەڭلىكى 25 مېتر كەلگەن. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بايقاش شۇ بولغان ئىدىكى، ئۇلار 1968- يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بىرمىنى ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدىكى دېڭىز ئاستىدىن (سۇ يۈزىدىن بەش مېتر چوڭقۇرلۇقتىن) تۈپ - تۈز بولغان بىر زور تاش تەكچە ئۇرغۇن تۆت چاسا تاشلاردىن تىزىلىپ قوپۇرۇلغان بولۇپ بۇ تاشلار نەچچە 1000 يىل داۋامىدا سىلىقلىشىپ كەتكەن. بەزىلىرىنىڭ بۇلۇڭلىرى سۇرۇلۇپ كەتكەن. بۇنداق تاشلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش مېتر، كەڭلىكى ئۈچ مېتر كەلگەن. كەڭلىكى كىچىكرەك بىر كوچىنىڭ كەڭلىكىگە تەڭلىشىپ قالغان. بۇ تاش تەكچىنى تەتقىق قىلغانلار باھاما ئارىلى يېنىدىكى سۇ تەگتىدە بۇنىڭدىن ئۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى زور تاشلاردىن قوپۇرۇلغان بىر شەھەر قەلئەسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن ھېچبىر گۇمانلانمىغان.

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرىدىن شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، باھاما ئاراللىرى ئەتراپىدا بۇنىڭدىن 12 مىڭ يىل مۇقەددەم 3000 كىلومېتر دائىرە ئىچىدە بىر قېتىم قاتتىق يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. شۇ چاغدا قۇرۇقلۇقنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېڭىز ئاستىغا غەرق بولۇپ كېتىپ ھازىرقى كاسپىي دېڭىزى ۋە مېكسىكا قولتۇقى ھاسىل بولغان. چۆكۈپ كەتكەن قۇرۇقلۇقتىكى ئېگىز تاغ چوققىلىرىلا ھازىرقى تاقىم ئاراللارنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمشۇناسلار ۋە ئىنسانشۇناسلار ھالاك بولغان ئەشۇ ئاتلانتىيە دۆلىتىدە ئاتلانتىيىلىكلەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەۋم بولغان، دەپ قىياس قىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىر ئىتىكىسى ۋە ئورتاق بىر تىلى بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇچار تەخسە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسا بۇ قەۋمنى يەر شارىدا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى تاشقى پىلانېتتىن كەلگەنلەر. ئۇلار كېيىنكى مەزگىللەردە دېڭىز ئاستىغا ماكانلىشىپ كۆپەيگەن، دەپ قارايدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئىككى نەپەر ئالىم 1952- يىلى پىرودىن تېپىلغان بەش قەدىمقى جەسەت ئۈستىدە قان ئانالىزى ئېلىپ بارغان. بىرسىنىڭ قان تىپى C - E - C چىققان. بۇنداق قان تىپى دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا ئەزەلدىن بايقالمىغان. يەنە بىر جەسەتنىڭ قان تىپى C - D قان تىپىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇنداق قان تىپى ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدىغان ئىندىئانلاردىلا ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇچرايدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بىر تەرىپىدە ياشايدىغان ئىندىئانلار بىلەن يەنە بىر تەرىپىدە ياشايدىغان مىسىرلىقلارنىڭ قان تىپى ئۇلار يېقىن ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ قان تىپىغا ئوخشىمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قان

دۆلەتنى ھەممە نېمىسى بىلەن قوشۇپ دېڭىز تەكتىگە غەرق قىلىۋەتتى.

ھازىر دۇنيا ئالىملىرى مەيلى ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى گېئوگرافىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن ئاتلانتىيە دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى زامانلاردا مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

1967 - يىلى رېپىرېروس دېگەن ئامېرىكا ئۇچقۇچىسى باھاما ئاراللىرى ھاۋا بوشلۇقىدا پەس ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، دېڭىز ئاستىدا تۆت بۇرجەك بىر غەلىتە نەرسىنى كۆرۈپ قالغان. ئۇ دەرھال كىنوغا ئېلىشقا باشلىغان. بۇ ئۇچقۇچىنىڭ دېڭىز ئاستىدا سىرلىق نەرسىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر رۇس پۇشتىدىن بولغان فرانتىپى تاشقى پىلانېتتىن كېلىپ ئاتلانتىيىدە ياشىغان ئادەملەرنىڭ قان تېپىمۇ؟

مايا مىللىتى، ئىنكا مىللىتى ۋە مىسىر مىللىتى ئارىسىدا يېقىن ئاچا - ئۇكىلار ئۆز ئارا قوي قىلىش ئادىتىدىن ئۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئورتاق ئۆرپ - ئادەتلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۆلگەن جەسەتنى قۇرۇتۇپ مومياغا ئايلاندۇرۇش، پىرامىدا ياساش قاتارلىقلار.

بۇنداق مومىيالار ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى چىرىشتىن ساقلىغۇچى مىكروب ئۆلتۈرگۈچى مەلۇم دورىلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئاندىن مومىياغا ئايلىنالايدۇ. ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشايدىغان مىللەتلەر ئوخشاشلا ئىرىگلون ھەرىپى قوللانغان، ئوخشاش ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىشلەتكەن. ئاسترونومىيە، يىلنامە، ماتېماتىكا ھېسابلاش ئۇسۇللىرىمۇ دېگۈدەك ئوخشاش بولغان. ئۇلار ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشاپ تۇرۇقلۇقمۇ يۇلتۇزلارنى ئوخشاش كۆزەتكەن. يۇقىرىقى ئاساسلار ئۇلارنىڭ بىر قەۋمدىن تارالغانلىقىنى، بۇ قەۋم بولسا ئاتلانتىيىدە ياشىغان ئاتلانتىيە ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تاشتىن ياسالغان ناھايىتى زىچ قۇرۇلۇشلار بار. بۇ قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ بەزىسى بىر قانچە ئون توننا كېلىدۇ. بۇنداق تاشلارنى ھازىرقى زاماندا بار بولغان ئەڭ ئىلغار ئېغىرلىق كۆتەرگۈچى جاھازلارمۇ مىدىرلىتالمايدۇ.

لىۋاندىكى بارىبېك خارابىلىقى دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىر يۇقىرىغا جايلاشقان. بۇ خارابىلىق بىر چوڭ تاش تەكچىنىڭ ئۈستىگە ياسالغان. بۇ تاش تەكچىلەرگە تىزىلغان تاشلارنىڭ ئەڭ چوڭى 300 كۋادرات مېتىر، ئېغىرلىقى 800 توننا كېلىدۇ. بۇنداق زور تاشلارنى يۆتكىگەن قەدىمقى كىشىلەر ئەلۋەتتە بىزنىڭكىدىنمۇ ئىلغار بولغان ئېغىرلىق كۆتەرگۈچى ئەسۋابلارغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇن ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق قۇرۇلۇشنى كائىناتتىن كەلگەن ئادەملەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دەپ ھېسابلايدۇ.

كىشىنى ئەڭ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى رىمدىكى بىر قەدىمقى ئىبادەتخانىنىڭ تاش تەكچىسىدۇر. بۇ تاش تەكچىسىدىكى ئۈچ پارچە تاشنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 مېتىر، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى تۆت مېتىردىن كېلىدۇ. ھەجمى 336 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق زور تاشلارنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك كۈچ بىلەن كۆتەرگەن كىشىلەرنىڭ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنلا تۇيۇقسىز غايىپ بولۇپ كېتىشى كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنى بىنا قىلغۇچىلار ئاتلانتىيىلىكلەر، ئاتلانتىيىلىكلەر بولسا تاشقى پىلانېتتىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا ئاتلانتىيە چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدا گەپ يوق. بىراق ئاتلانتىيە تاشقى پىلانېت ئادەملىرىنىڭ بازىسىمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك.(7)




(ھېكايە)

غوپۇر قادىر

بۇ — ماي ئىسكىلاتىدىكى ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن تەركىب تاپقان، قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپ داڭ چىقارغان كىچىككىنىلا زاۋۇت ئىدى. ئۇنى زاۋۇت دېگەندىن كۆرە «ماي ئايرىش پونكىتى» دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. چۈنكى «زاۋۇت» دەپ ئاتالغان بۇ كونا ئۆيدە ئوندەك ئادەم ئىككى سىمېنا بولۇپ ئىشلەيتتى: كۈندۈزلۈك سىمېنا ماشىنا بىلەن چىقىپ كېتىپ كان، كارخانا، گاراژلاردىن كېرەكسىز مايلارنى يىغىپ كېلەتتى، كەچلىك سىمېنا بولسا، ئۇنى داشقازانلاردا قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېروسىن، بېنزىن، ئاپتول قاتارلىق مايلارنى ئايرىۋالاتتى.

كېرەكسىز نەرسىلەرنى گۆھەرگە ئايلاندۇرىدىغان بۇ زاۋۇت ئۆزىنىڭ دۆلەتكە يارىتىپ بەرگەن تۆھپىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، ھەتتا بىر قىسىم تاۋارلىرى بېيجىڭدىكى سانائەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن ئىدى. لېكىن، بۇ زاۋۇتنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى تا مۇشۇ كەمگىچە تاكامۇللىشىپ كېتەلمىگەن ئىدى.

بۈگۈن ئوغۇلخان ئاچا ئۆزىگە شاگىرتلىققا بېرىلگەن جامال، جەمىلە بىلەن كەچلىك سىمېنىغا چۈشتى، جامال بىلەن جەمىلە قازانلارنى قاينىتىشقا، ئوغۇلخان ئاچا ماي ئايرىشقا، قالغان ئىككەيلەن ماي ئالىدىغان تۇڭلارنى يۇيۇپ تازىلاشقا مەسئۇل ئىدى.

ئۇلار زاۋۇتقا كىرىپلا ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇندى. جامال بىلەن جەمىلە گاز ئوچاقلارغا ئوت يېقىۋېتىپ، ئىككى بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇققا ئولتاردى — دە، دومسايغىنىچە گېزىت-ژۇرناللىرىنى چىقىرىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە باتنىشىپ ئولتارغانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇلخان ئاچا بېشىنى يەڭگىلگىنە چايقاپ قويدى.

ئەسلىدە جامال بىلەن جەمىلە بىر مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان يېقىن دوستلاردىن ئىدى، ئەمما، يېقىندا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە ئۇلارنىڭ ئازارلىشىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى:

جەمىلەنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا نەپىس ئىشلەنگەن ئېلېكترونلۇق سائەتتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. شۇ كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن قولىنى يۇماقچى بولۇپ سائىتىنى دېرىزە تەكچىسىدە ئۇنتۇپ قالدى. كېيىن يادىغا كېلىپ زاۋۇتقا قايتا كىرگىنىدە سائەتنىڭ ئاللىقاچان يوقالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئوغۇلخان ئاچىغا ئىنكاس قىلدى. ئوغۇلخان ئاچا: «شۇ چاغدا زاۋۇتتا كىم قالغان؟» دەپ سورىدى.

جەمىلە ئوپۇل — توپۇللا: «جامال» دېدى.

دەل شۇ پەيتتە كىرىپ قالغان جامال ئۆزى

ئۈستىدە بولۇنۇۋاتقان كەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، جەمىلەگە غەزەپ بىلەن چىچىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭغا جەمىلەنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ، ئوغۇلخان ئاچىنىڭ نەسىھەتلىرىمۇ كار قىلمىدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان جەمىلە ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككەيلەن بىر-بىرىگە تەتۈر قارىشىپ يۈرۈشتى.

كېيىن بۇ سائەت ئويلىمىغان بىر يەردىن چىقىپ قالدى. ئەمما جامالنىڭ ئاچچىقى تېخىچە يانمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ژۇرنال ئوقۇۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە: «خەپ توختاپتۇر، مەن بولسام زاۋۇت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، سەن بولساڭ ياشلار ئىتتىپاقىغا ئىلتىماس سۇنغان ئادەم، ئالدىمغا يېلىنىپ كەلمىگىنىڭنى كۆرەي، شۇ چاغدا ئۆزەمنى كۆرسەتمىسەم ھېساب ئەمەس!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ چاغدا «گۈپ» قىلغان دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ گاز ئوچاق تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلدى. ئەمما كېچىكىپ قالغانلىقىنى بايقىدى، ئوچاقتىن قاچقان گاز بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان ئوت قاتار ئېسىلغان داشقازانلاردىكى مايغا تۇتىشىپ، ھۆددى قىزىل ئەجدىھارغا ئوخشاش يۇقىرىغا ئۆرلەشكە ۋە شىپتىكى كونىراپ كەتكەن قومۇشلارغا ئوت يۈركۈشكە باشلىدى. زاۋۇتنىڭ ئىچى بىردىنلا ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى.

ئىس-تۈتەكلەر ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، گاز مەنبەسىنى ئەندىلا ئۈزۈپ تاشلىغان جامال بىرسىنىڭ: «قېچىڭلار!» دېگىنىچە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئۇردى. ئۇ بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىشقىلا ئىشىك «تاراق» قىلىپ يېپىلىپ قالدى، تۇرۇلۇپ چىققان ئىس ئىشىكنى قاتتىق بېسىمى بىلەن ئۇرۇپ يېپىۋەتكەن ئىدى.

جامال كۆزلىرىنى ئاران دېگەندەك ئېچىپ قاش-كىرپىكلىرى يۇچۇلانغان ئوغۇلخان ھەدە باشلىق ئۇچۇيلەننى كۆردى ۋە توك تېپىۋەتكەن ئادەمدەك ئىختىيارسىزلا ۋاقىرىۋەتتى.

— جەمىلە قېنى؟!

— جەمىلە؟ مەن تېخى سىز بىلەن......

— ئوغۇلخان ئاچا، چاققان بولۇڭ، داڭ ئۇرۇپ باشقىلارغا خەۋەر قىلىپ مەن جەمىلەنى قۇتقۇزۇپ چىقاي.

جامال كەينىگە شارتتىدا بۇرۇلدى-دە، زاۋۇتنىڭ ئىشىكىنى زەرپ بىلەن ئىتتەردى، ئەمما ئىشىك يىلتىز تارتىپ قالغاندەك مىدىرمۇ قىلمىدى، ئۇ بىر نەچچە قېتىم كۈچەپ بېقىپمۇ ئاچالمىغاندىن كېيىن، بىر چەتتە تۇرغان لوم تۆمۈرنى ئىشىككە قاتتىق ئۇردى. گىرەسىدىن ئاجراپ چۈشكەن ئىشىك ئۇنى ئۈچ مېتىردەك نېرىغا ئىتتىرىۋەتتى.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ زاۋۇتقا كىردى، ئەمما قويۇق ئىستىن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ مېڭىشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن جەمىلە ئىشلەيدىغان بۆلۈكنى مۆلچەرلەپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قولىغا جەمىلەنىڭ كەۋدىسى ئۇرۇلدى. ئۇ چىشىنى قاتتىق چىشلەپ جەمىلەنى مىنىبىڭ مەشىقىدە ئۆگەنگەن ئۇسۇل بويىچە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ھۆۋا يورۇپ تۇرغان ئىشىككە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى....

ئوت ئاخىرى ئۆچۈرۈلدى.

جامالنىڭ يارىسى دوختۇرخانىدا ناھايىتى

تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ بۇ قىممەتلىك ھادىسىنىڭ باش ئايىغىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جەمىلەگە تۇتقان قاتتىق پوزىتسىيىسىدىن، بولمىغۇر خىياللىرىدىن پۇشايمان قىلدى. ھەممە دوختۇرلارنىڭ «كارۋاتتىن چۈشمەڭ» دەپ قايتا-قايتا توسقىنىغا قارىماي، ياندىكى ياتاققا ئۇنى يوقلاپ كىردى.

قاش-كىرپىكلىرى كۆيۈپ، مەڭزىلىرى چوغقا كۆمگەن قىزىل مۇشتەك جاۋۇرۇپ كەتكەن جەمىلە باشلىرى تېڭىلغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى.

— جەمىلە! جەمىلە! — دەپ ئەندىشە بىلەن توۋلىۋەتتى جامال، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئىدى. چۈنكى دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە، خەتەرلىك باسقۇچتىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن جەمىلە شۇ تاپتا ئۇخلاۋاتاتتى.

جەمىلە جامالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى ھەمدە: «جامال جامال!» دەپ شىۋىرلىدى.

جامال بوغۇزىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى، كۆز چانىقلىرىنىڭ چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق كۈچ ئۇنى ئالدىغا سىلجىتتى، ئۇ جەمىلەنىڭ داكا بىلەن تېڭىلغان قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مانا مەن جەمىلە، مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا! — دېدى تىترەك ئاۋازدا.

جەمىلەنىڭ چىرايىدا يېقىملىق كۈلكە پەيدا بولدى، كىرپىكلىرى ئۈستىدە شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرى بىردىنلا مەڭزىنى يۇيلاپ سىزغىپ چۈشتى.

بۇنى كۆرگەن جامال شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ۋە بەختىيارلىق سېزىمى ئىچىدە سەزدى. (8)

## تەغەزز

(نەسىر)

### مېھرىنگۈل مەتسالى

(ئوقۇغۇچى)

ئېخ قەغەز! سېنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ساڭا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. چۈنكى مەن تارىخنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى سەن ئارقىلىق بىلدىم.

ئېخ قەغەز! سەن نەقەدەر پاك ھەم غۇبارسىز-ھە! سەن بىزگە ئەڭ كېرەكلىك قورالسەن، بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش بىلىم تەشنالىرىنىڭ جېنىسەن! سەن قارىماققا ئاددىيغىنە بىر تەرسىدەك تۇرغىنىڭ بىلەن، لېكىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپەڭنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئېخ قەغەز! سەن دەسلەپ ئىجادكار ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئۈجمە قوۋزىقى ئارقىلىق ئىشلىنىپ بارلىققا كەلگەن. سەن ئارقىلىق يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتتى. سەن ئارقىلىق رەسساملار ئۇرغۇنلىغان شانلىق، گۈزەل رەسىملەرنى سىزىپ چىقتى، سەن ئارقىلىق ئالىملىرىمىز بىز ياش ئەۋلادلارغا نۇرغۇنلىغان ئىلىم-پەن كىتابلىرىنى يېزىپ قالدۇردى.

ئېخ قەغەز! قىسقىسى، سېنىڭ تۆھپەڭنى ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. سېنى مەدھىيىلىگەنسېرىم مەدھىيىلىگىم، قارىغانسېرىم قارىغىم، خەت يازغانسېرىم يازغىم كېلىدۇ.

ئېخ قەغەز! سېنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپەڭ ئىجادكار خەلقىم قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. مەن سېنى ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىمگىچە مەدھىيىلەيمەن، يېقىملىق ناخشامدا كۈيلەيمەن. (8)



# تىرىلگەن سۇمۇرۇغ

(پوۋېست)   تۇرمۇھەممەت زامان

(بېشى ئۆتكەنساندا)

ئاپتوبۇس ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىپ بارماقتا. ئاپتوبۇس ئىچىدە باشلىرىغا ئاق شىلەپە كىيىشىۋالغان پىئونېرلار گاھ ناخشا ئېيتىپ گاھ سىرتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرماقتا. قەۋەت - قەۋەت بىنالار، تۇرخۇنلار، بىپايان ئېتىز ۋە تاغلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن گويا كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتمەكتە. بۇلار يازلىق تەتىلدە «مەملىكەتلىك پىئونېرلار لاگېرى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى ئايرودرومىغا ماڭغان مۇنەۋۋەر پىئونېرلارنىڭ ۋەكىللىرى.

— گۈلنار، ئاۋۇ ئېتىزلارغا قارا، مايسىلار نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆسكەن- ھە!

— پاھ! خۇددى سۈرەت،— دېدى گۈلنار زىننەتكە.

ئۇلار ئەنە شۇنداق قوللىرى بىلەن ئۇنى-بۇنى كۆرسىتەتتى، گۈزەل مەنزىرىلەرگە زوقلىناتتى.

گۈلنار دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، يەنە ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپتىن كۆچتى.

زۇلخۇمار مۇئەللىم گۈلنارنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇردى. گۈلنارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئۈستەلگە تىزىپ، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى دوسكىغا چاپلاپ، دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ گۈلناردىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. يىللىق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. زۇلخۇمار كەچلىك مۇزاكىرە ئۈچۈن— يىغىلغان ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەردى.



— قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە،— دەپ باشلىدى زۇلخۇمار سۆزىنى،— شەرقتە سۇمۇرۇغ دېگەن بىر قۇش بار ئىكەن، ئۇ 500 يىل ياشايدىكەن، ئاندىن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇن يىغىپ كۆيدۈرىدىكەن - دە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى مەردانىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. كۆيگەن كۈلى ئىچىدە قايتا تىرىلىدىكەن، يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندىن كېيىن ھەرگىز ئۆلمەيدىكەن. بۇرۇن گۈلنارنىڭ يۈرەك كېسەللىكى پات - پات قوزغىلىپ بالىنىستقا كىرىپ قالاتتى. ئۇ چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىدى. ئوپېراتسىيە جەريانىدا كېسەل ئازابىغا پەسەن قىلمىدى. ئەمدى بولسا قايتا تىرىلگەن سۇمۇرۇغدەك ئىلىم دېڭىزىدا ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا. بىز بۇ باتۇر سۇمۇرۇغنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى چىدام - غەيرەت بىلەن يېڭىدىغان تىرىشچان روھىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

زۇلخۇمارنىڭ ھېكايىسى چاڭقاپ تۇرغان زىرائەتكە ۋاقتىدا ياغقان يامغۇردەك، ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىلھام ئاتا قىلدى. شۇندىن كېيىن سىنىپتا تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان قىزغىن كەيپىيات شەكىللەندى. دەرستە ئارقىدىراق تۇرۇۋاتقان ئون نەچچە ئوقۇغۇچى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياخشىلار قاتارىغا ئۆتتى. سىنىپنىڭ يىللىق دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى 90 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى، گۈلنارنىڭ نامى مەكتەپكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن

شەھەرگە تارالدى. مەكتەپ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قوزغاپ، يىللىق ئىمتىھانىدا زور ئۇتۇق ھاسىل قىلدى. تىرىشچانلىق ھامان مول مېۋە بېرىدۇ. گۈلنار «مەملىكەتلىك پىئونېرلار لاگېرى»غا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى. مانا ئەمدى ئۇ پىئونېرلار ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى گۆھەر، ئۇستازى زۇلخۇمار، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇنلا بۇ يەرگە كېلىپ كۈتۈپ تۇراتتى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى، كۆپ - كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار دېڭىز يەلكەنلىرىدەك لەيلەپ يۈرەتتى. ئايرودرومنىڭ كەڭ سەينىسىدا كۈمۈش قۇشلار ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپ تۇراتتى. زالنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن پىئونېرلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەممە يەرگە يامراپ ئايروپىلان ئىستانسىسىنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىشاتتى. گۈلنار ئانىسى ۋە ئۇستازى بىلەن كەڭ زالنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپ تۆۋەنگە قارىدى. شۇ پەيتتە ئۇ بىر توپ پىئونېرلار ئىچىدە لىڭلىڭنى ھىل پال كۆرۈپ قالدى-دە، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ جان جىگەر دوستى لىڭلىڭنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن جاپالىق كۈنلەرنى ئەسلىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە لىڭلىڭنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشى گۈلنار ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر قويۇلدى. شۇڭا ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۇلار بىر ھازاغىچە بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇشتى، يىغلاشتى. ئۆزئارا خاتىرە ئۈچۈن رەسىملىرىنى تەقدىم قىلىشتى. گۈلنارنىڭ كۆڭلى بىر مەزگىل غەش بولۇپ يۈردى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرىدە لىڭلىڭنىڭ گېپىنى قىلاتتى.

گۈلنار دەرھال تۆۋەنگە چۈشۈپ لىڭلىڭنى ئىزلىدى. شۇ ئەسنادا بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا كېلىپ ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. گۈلنار دوستلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ چىقتى:

زىننەت، گۈلباھار، خالىدە، ئامىنە... تاپالمىغاندىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە قىزلارنىڭ ئېتىنى ئاتىدى، ئەمەس، كۆزىنى ئېتىۋالغۇچى گۈلنارنىڭ كۆزىنى چىڭ ئۇگۇلاپ قويۇۋەتمىدە شاتۇتىدەك قەھ، قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ لىڭلىڭ ئىدى. ئۇمۇ قەشقەردىن پىئونېرلار ۋەكىلى بولۇپ «مەملىكەتلىك پىئونېرلار لاگېرى»غا ماڭغان ئىدى. ئىككى دوست قۇچاقلاشتى. بىر - بىرىنى تۇتۇپ سەكرىشىپ كەتتى. ۋاقىت توشۇپ قالغان بولسا كېرەك، پىئونېرلار ئەترەتلىرىنى رەتلىك تىزىلىشقا، گۇرۇپپىلار بويىچە ئۇچۇش مەيدانىغا چىقىشقا باشلىدى. گۆھەر بىلەن زۇلخۇمار بۇ ئىككىسىنى باغرىغا چىڭ باستى، پېشانىلىرىگە سۆيدى، بىرىدىن گۈلدەستە تەقدىم قىلىنىپ ئاق يول تىلىدى. گۈلنار بىلەن لىڭلىڭ ئانىلىرىغا ھۆرمەت سالامى بېرىپ خوشلاشتى. ئۇلار ئايروپىلان شوتىسىغا چىقىپ قولىدىكى گۈلدەستىلەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خوشلاشتى.

ئايروپىلان موتورى زېمىننى لەرزىگە سېلىپ گۈركىرىدى. گويا سۇمۇرغدەك ئۇچۇپ كەتتى. زۇلخۇمار پەخىرلەنگەن ھالدا:

— قاراڭا، ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك ھە - دېدى.

— شۇنداق، — دېدى گۆھەرمۇ ھاياجانلىنىپ، — بىپايان بوشلۇقتا ئۇلار سۇمۇرغلاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا.

ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئۇستازلىرى، ساۋاقداشلىرى گۈلدەستە ۋە ياغلىقلارنى پۇلاڭلىتىپ تا ئايروپىلان كۆزدىن غايىب بولغىچە ئۇزىتىش سۈپىتىدە قاراپ تۇرۇشتى. (8)

(تۈگىدى)



— بالام سەنى دەپ...



«ئۆگەنمەن»




ئۇ «ئوچتە ياخشى»




غەمسىز كىشى



— بالام ئەش قەغزى بولامدىكەن



# بەدىئىي سۈرەتلەردىن تاللانما



▲ «بەنە بىرنى سۆزلەپ بىرىڭ!». (ئابدۇۋەلى فوتوسى)



◄ جەڭچى بولىمەن، (قىيۇم قادىر فوتوسى)

▲ ئىزلىنىش. (قىيۇم قادىر فوتوسى)

▼ كۆڭۈللۈك بىر كۈن، (ئۆركەش جاپپار فوتوسى)





▲ «مانا مەن مايەردە». (ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى)





شىنجاڭ ياشلىرى
新疆青年

«شىنجاڭ ياشلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
ئۇقاۋسى شىنجاڭ رەڭلىك سۈرەت، ماركا مەتبەسىدە بېسىلدى
رەڭسىز بەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ... تارقىتىلىدۇ
ژورنال ۋاكالەت نومۇرى (58-...)، باھاسى 25 پۇڭ
رۇخسەت ... نومۇرى 310 ... تېلېفون 24544
ئادرېسى: ئۈرۈمچى قورۇلۇش كوچىسى 9 - نومۇرلۇق قورا

1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28 29 30



شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年


«شىنجاڭ ياشلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ رەڭلىك مۇرەت، ماركا مەتبەسىدە بېسىلدى
رەڭسىز بەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا [illegible] تارقىتىلىدۇ
ژورنال ۋاكالەت نومۇرى [illegible] 58). باھاسى 25 پۇڭ
رۇخسەت [illegible] 310 [illegible] تېلېفون 24544
ئادرېس: ئۈرۈمچى [illegible] 9 - نومۇرلۇق قورا


1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28 29 30